# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان

فاڭ لى قاتارلىقلار يازغان

تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت روزى

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 553 40 92
Zeytinburnu - İstanbul

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياقۇپھاجى مەھەممەت

# مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان

فاڭ لى قاتارلىقلار يازغان

تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت روزى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى چېنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 11.5
1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,600
ISBN 7 - 228 - 00461 - 2/D·27
باھاسى: 1.05 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# كىرىش سۆز

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلاردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» نى يېزىپ چىقتۇق.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇنىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەققىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى تۈپ قانۇن، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سابىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئالىي مەكتەپ قانۇن كەسپىدىكىلەرنىڭ تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى. شىنجاڭ داشۆ قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر ئۇنى قانۇن كەسپىنى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ بىر خىل دەرسلىك بولۇشى — دۆلىتىمىز قانۇنشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىۋاتقان ۋە گۈللىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى، شۇنداقلا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە يېڭىدىن تەرەققىي قىلغان يەنە بىر تارماق پەن ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى-

نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەل-
لىشىشىگە ئەگىشىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنى» بىر خىل پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، نەزەرىيە
جەھەتتە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن، ناھايىتى زور
دەرىجىدە بېيىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» دەل مۇشۇ
پەننى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە قىلىن-
غان بىر سىناقتۇر. ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنىنىڭ مەزمۇنى ۋە روھىنى يەنىمۇ ئۆگىنىپ ۋە
ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىس-
تىك مىللىي قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش
ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، بۇ كىتابنى يېزىش-
تا تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەزەرىيىنى ئەمەلى-
يەتكە باغلاشقا، نۇقتىلىق نەزەرلەرنى توغرا، ئېنىق بايان قىلىشقا، مەز-
مۇنىنى ئىخچام، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىشقا تىرىشتۇق.

بۇ كىتابنى يېزىشقا شىنجاڭ سىياسىي قانۇن باشقۇ-
رۇش كادىرلىرى شۆيۈەنىدىن فاڭلى، جوسۇندې، جاڭياڭدۇڭ،
دۇليۇشىن، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدىن چېنخەيچاۋ،
جاڭۋېيشېن، شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم
كافېدراسىدىن ۋاڭ شېڭچى، ۋاڭخەنباۋ، شىنجاڭ سىفەن داشۆ-
سىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسىدىن چېنيىشەنلەر
قاتناشتى. يولداش چېنخەيچاۋ، ۋاڭشېڭچىلار كىتابقا تۈزىتىش
كىرگۈزدى. ئاخىرىدا يولداش فاڭلى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

بىر يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجى-
سىدە، بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشىر قىلىندى، بىز بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇق. نەزەرىيە ۋە سىياسىي سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېرىيالنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن، كىتابىمىزدا كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسپداشلارنىڭ كىتابىمىزغا قىممەتلىك تەكلىپ ۋە تەنقىد بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ پائال قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ كىتاب مۇددەتتىن بۇرۇن نەشىردىن چىقتى. جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ دوتسېنتى يولداش شۇچۇڭدې ۋە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ دوتسېنتى يولداش ليۇگۇەنجاڭلار بۇ كىتابنىڭ پروگراممىسىغا قارىتا قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. بۇ كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان يولداشلارنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى رەھبەرلەرمۇ بۇ كىتابنى يېزىش خىزمىتىگە زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە مۇھەررىرلەر بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى رەھبەرلەرگە، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىشىغا ياردەم قىلغان ئورۇن ۋە يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاپتوردىن

1986 – يىلى 6 – ئاي

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب مۇقەددىمە

1 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى ............ 1

2 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇسۇلى ...... 12

3 - پاراگراف «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان»نىڭ سىستېما قۇرۇلمىسى ... 16

ئىككىنچى باب مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى

1 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى ........................ 20

2 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى .............................. 31

3 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى... 37

ئۈچىنچى باب مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى

1 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئۇقۇم .................. 65

2 – پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى... 75

3 – پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈم .......................... 91

### تۆتىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەشكىللەش

1 – پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش پرىنسىپى .............................. 103

2 – پاراگراف ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى .......................................... 119

### بەشىنچى باب ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى

1 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ... 134

2 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى...... 140

3 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى.......... 144

### ئالتىنچى باب ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە ئەھمىيىتى

1 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سۇبيېكتى ۋە پرىنسىپى .............................. 170

2 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى ۋە كاپالىتى .............................. 182

3 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ

مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى ...... 190

يەتتىنچى باب خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى

1 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ...... 197

2 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، خىزمەت ۋەزىپىسى ...... 209

3 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپلىرى ...... 222

سەككىزىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

1 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 236

2 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ توپ پرىنسىپلىرى ...... 248

3 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ...... 276

## توققۇزىنچى باب يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى

1 - پاراگراف يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم ........................ 284

2 - پاراگراف يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى ............... 299

## ئونىنچى باب سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

1 - پاراگراف دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ................................ 327

2 - پاراگراف دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ................................ 340

# بىرىنچى باب

## مۇقەددىمە

### 1 – پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى

#### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىكى قانۇن ھادىسىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن

ھەر قانداق بىر پەننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەتقىقات ئوبيېكتى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىقىدا بىر تارماق پەن بولۇپ قېلىشىنى ئۇنىڭ ئالاھىدە تەتقىقات ئوبيېكتى بەلگىلىگەن. قانۇنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قانۇن ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت. قانۇنشۇناسلىقتىكى ھەرقايسى پەنلەر قانۇنشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئالاھىدە قانۇن ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى قانۇن ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قانۇن - نىزاملار ھەر خىل بولۇپ،

ئۇلار ئوخشاش بولمىغان قاتلامغا تەۋە ھەم ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە. ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرى ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا تەۋە بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر توغرىسىدا قانۇن تۈزۈشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈپ قانۇندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى تۈزۈپ چىققان مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان مەمۇرىي قانۇن - نىزاملار، شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۈزۈپ چىققان ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە يەككە نىزاملارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ھەققىدە تۈزۈلگەن قانۇن - نىزاملاردۇر، بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ھەققىدىكى قانۇن - نىزاملىرىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ھەققىدە تۈزگەن قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى، ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشتىكى تۈپ مىزانىدۇر.

ھەر قانداق قانۇن - نىزاملار مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ ۋە ئالاھىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

قانۇنى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قانۇندۇر. ئۇ، دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن غەيرىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شۇنىڭدەك ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» نىڭ ۋەزىپىسى — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت ۋە مىللىي قانۇن - تۈزۈم ھەققىدىكى تۈپ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماھىيىتىنى، بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى، رولىنى، ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنى، شەكلىنى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىق شەرھلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە تۈپ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ پەننىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بەرگىلى، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئالاقىدار باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان باشقا پەنلەرنىمۇ تەتقىق قىلىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مۇشۇ پەنلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ۋە پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن بۇ پەننىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىنى ۋە تەتقىق قىلىش دائىرىسىنى ئېنىق تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاساسىي قانۇن ئىلمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ئاساسىي قانۇن ئىلمىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى — ئاساسىي قانۇن. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنىدۇر. ئاساسىي قانۇندا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈزۈمى بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ نېگىزى ۋە ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بولسا ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېتلىشىشى ۋە قېلىپلىشىشىدۇر. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا، ئاساسىي قانۇننى چوقۇم يېتەكچى قىلىش لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىلمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. مەمۇرىي قانۇن ئىلمى بولسا دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى

ۋە پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى، خىزمەت شەكلىنى، ئۇسۇلىنى، شۇنىڭدەك دۆلەت مەمۇرىي خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن پۇقرالار ۋە باشقا مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتى ئۈستىدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇ، مەمۇرىي قانۇن پرىنسىپلىرىنى ئېنىق شەرھلەپ بېرىدىغان بىر خىل پەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مەمۇرىي قانۇن ئۇنى مەمۇرىي ئورگان نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئۇنى ئاساسەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە پائالىيىتىنىڭ پرىنسىپى نۇقتىسىدىن ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىدىغان مەزمۇننىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى — مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ قانۇنلىشىشى، تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قانۇنلارنىڭ مىللىي

مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مىللەت ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىسادشۇناسلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىسادشۇناسلىقى بىر خىل ئىجتىمائىي پەن. بۇ دۆلىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ۋە مىللەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى توپ پرىنسىپلارنى قوللىنىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى، ئالاھىدىلىكىنى، قۇرۇلمىسىنى ۋە قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ، ئەمما ئۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئازسانلىق مىللەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش پرىنسىپى نۇقتىسىدىن ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مىللەتشۇناسلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. مىللەتشۇناسلىق — مىللەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان مەزمۇنى مىللەتشۇناسلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمما ئۇ ئاددىي ھالدا مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلماستىن،

بەلكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پرىنسىپى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىندۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدىكى تۈپ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىگىلەش، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش لازىم. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن توغرا نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى گۈللەندۈرگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قانۇنشۇناسلىقتىكى تارماق پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى — دۆلىتىمىزدىكى مىللىي خىزمەت ۋە مىللىي قانۇن-تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە قانۇنشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىدۇر.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، مىللىي ئېزىشنى يوقىتىپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي دوستلۇق، مىللىي ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرنى بەرپا قىلدى. دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى — مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھالدا بىرلىشىشنى ئىشقا

ئاشۇرۇپ، گۈللەنگەن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشتىن ئىبارەت.

ھەر قايسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا قوللانغان كونكرېت شەكلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويۇشى زۆرۈر. بۇ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر ئومۇمىي پرىنسىپى.

مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلەر، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، ئايرىلىشقا بولمايدىغان چوڭ ئائىلە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە، ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلەشسە پايدىلىق، ئايرىلسا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ — جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ سىياسىتىگە ئاساسەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

قويدى. 1947 - يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى — دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى توغرا بىرلەشتۈرۈش ئەمەلىيەتتە — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا سىياسەت، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «ئورتاق پروگرامما»غا ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. 1952 - يىلى، دۆلىتىمىز «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلغانىدى، ئۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. يېڭى ئاساسىي قانۇندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە قارىتا تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئەمەلىي پرىنسىپلار بەلگىلەندى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مىزان بەرپا قىلىندى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، دۆلەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك

قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك مىللىي
مۇناسىۋەتنى قوغداشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يىنى مۇستەھكەملەشكە جىددىي موھتاج، بۇنىڭدا يالغۇز سى-
ياسەتكە تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، قانۇنغا تايىنىشقىمۇ
توغرا كېلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى
دەل ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارنى ئاساس
قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش-
تىكى 30 يىللىق ئىجابىي - سەلبىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش
ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا فاڭجېن - سىياسەتلىرى-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى تارىخىي ۋەزىپىنىڭ تەلە-
پىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن، ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ
مىللەت نەزەرىيىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھ-
سۇلى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇ-
رۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم باسقانلىقىنىڭ
بەلگىسى.

مەملىكىتىمىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈپ
ۋەزىپىسى: پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ
كۈرەش قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇدا-
پىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىن-
پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنى-
يەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت
قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. مىللىي قانۇن تۈزۈشنى
كۈچەيتىش — مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق

ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولغان ھەرخىل كونا كۆز قاراش ۋە كونا ئادەت-لەرنى تازىلاپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق خىسلىتىنى تىكلەشتە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-ۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ ئەھ-ۋالى بىر قەدەر ئالاھىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھا-لىسى ئاز، ئولتۇراقلاشقان جايلىرى كەڭ، ماددىي مەھسۇ-لاتلىرى مول، ئۇلار كۆپىنچە چېگرا رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. تارىخىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئاستىراق بولدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ قالاق قى-ياپىتىنى پەقەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقى-لىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلى-شىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشمۇ سوتسىيالىستىك دېموكرا-تىيىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىشكە تايىنىپ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر مۇناسىۋى-تىنى تەڭشەش — باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى كاپالەتلەن-دۈرۈشتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي قانۇن-تۈزۈم ھەققىدىكى نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماھىيىتىنى، مەزمۇنىنى، تۈپ روھىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق شەرھلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى كۆرسىتىپ بېرىش — «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان»نىڭ جىددىي ۋەزىپىسىدۇر.

## 2 — پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇسۇلى

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش — زور نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە، مىللىي قانۇن - تۈزۈمدىكى ھەرخىل

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئېنىق شەرھلەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىقى بەرپا قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇ، قانۇنشۇناسلىقتىكى يېڭى گۈللىنىۋاتقان پەن ھېسابلىنىدۇ. بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە مىللىي قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى ماسلىشالمايۋاتىدۇ، مىللىي قانۇنشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمىتىمۇ تېخى ئەمدىلا باشلاندى، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىشنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش — پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈشكە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىگە بولغان تونۇشىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈپ سىياسىي تۈزۈم، ئۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشىدىكى ئەڭ ياخشى سىياسىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش — مىللىي

باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدىكى تۈپ قانۇنلارنىڭ بىرى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى پۇقرالار ئىچىدە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۇ مۇھىم بىر ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندە، پۇقرالار نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماھىيىتى ۋە پرىنسىپلىرىنى ھەقىقىي سىستېمىلىق چۈشىنىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىگىلىۋېلىش، قانۇننى بىلىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ھەمدە قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ بولغان بارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئاڭلىق ھالدا كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ كاپالەتلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى

1) تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇش. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دېگىنىمىز، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ — بىزنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىمىز، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندا، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر قايسى پرىنسىپلىرى، مەزمۇنى ۋە روھىنى توغرا ئىگىلىۋالغىلى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ. ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكا — ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تۈپ مېتودىكىسى، ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ كۆپ نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ.

2) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇش. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش — پارتىيىمىز ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان ئۆگىنىش ئىستىلى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشتە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ

مىللىي قانۇن – تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى نەزەرىيىلە-
رىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى قانۇن – نىزاملارنى ئۆگىنىش
بىلەن بىللە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋالغا، مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش،
نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەج-
رىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئومۇملاشتۇرۇش ئاساستا
ئۆستۈرۈش لازىم.

3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆ-
گىنىشتە، مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەتلەرنىمۇ
ئەستايىدىل ئۆگىنىش، مىللىي رايونلارنىڭ تارىخى ۋە
رېئال ئەھۋالغا ئائىت بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. بىل-
ىمنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقاندىلا، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنى
ھەقىقىي ياخشى ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## 3 – پاراگراف «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» نىڭ سىستېما قۇرۇلمىسى

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتى-
مىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ،
دۆلىتىمىز قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي

قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، ئۇ دۆلىتىمىز قانۇن سىستېمىسىنىڭ يادرولۇق تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دۆلىتىمىز قانۇن سىستېمىسىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندىن قالسىلا، ھەق - تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش تۈپ قانۇنلار دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇ دۆلىتىمىز قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىغا تەئەللۇق. ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى باشقا بەزى تۈپ قانۇنلار بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگانلىرى تۈزگەن قانۇن - نىزاملار بىلەنمۇ گىرەلەشمە مۇناسىۋىتى بار، ئۇلارنى بىر-بىرىگە زىتلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى، يەككە نىزاملارنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن زىتلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۈزگەن ئاپتونومىيىلىك قائىدە - نىزاملىرىغا قارىتا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 2. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان»نىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» جەمئىي ئون باب بولۇپ، بىرىنچى بابىغا

كىرىش سۆز ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بابتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە ۋەزىپىسى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بابتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇ تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجلىنىشى بايان قىلىنىدۇ. تۆتىنچى بابتا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش ۋە تەشكىللەش پرىنسىپى بايان قىلىنىدۇ. بەشىنچى، ئالتىنچى بابلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بايان قىلىنىدۇ. يەتتىنچى بابتا، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى بايان قىلىنىدۇ. سەككىزىنچى بابتا، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىدۇ. توققۇزىنچى بابتا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى بايان قىلىنىدۇ. ئونىنچى بابتا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بايان قىلىنىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان»نىڭ مەزمۇنىنى قۇرۇلما جەھەتتىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدىكى مەقسەت — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىردەكلىكنى ساقلاشتىن ئىبارەت، چۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قۇرۇلما جەھەتتە، مۇۋاپىق، زىچ، ئىلمىي بولغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان»نىڭ قۇرۇلمىسىنى يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمىي بايان» نىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

# ئىككىنچى باب

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى

## 1 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ھەققىدە چۈشەنچە

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن ئارقىلىق تەڭشەشتىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تۈپ قانۇن، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشىدۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ باشقا تۈپ قانۇنلىرى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ۋە رولى جەھەتتە بىردەك، ئەمما ئۇ باشقا تۈپ قانۇنلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە.

1) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتە، مىللىي تېررى-

تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ، بۇخىل مىللىي مۇناسىۋەت ھەم خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ھەم ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوت- تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت، مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن ئارقىلىق تەڭشىگەندە، سوتسى- يالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاج- لاندۇرغىلى بولىدۇ.

2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئاددىي ھالدىلا تەڭشەپ قالماستىن، بەلكى قانۇن جەھەتتە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىل- لىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئاپتو- نومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ كونكرېتلىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىدۇر. مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كاپالەتلەن- دۈرىدۇ، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، بىرلىككە كېلىش بىلەن ئاپتونومىيىنىڭ توغرا بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو- مىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىدىكى قانۇندۇر، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە رولى

دۆلەتنىڭ باشقا تۈپ قانۇنلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى تەڭشەيدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ تەدبىقلىنىدىغان دائىرىسىمۇ ئادەتتىكى تۈپ قانۇنلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئەمما مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسەن مىللىي تېررىتورىيىلىك جايلارغا ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى قانۇنىي ۋاسىتىدىن ئىبارەت.

4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى «ئانا» قانۇن خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. دۆلىتىمىز مىللىي قانۇن تۈزۈشتە ئاساسىي قانۇنغا ئاساسلانغاندىن باشقا، يەنە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغىمۇ ئاساسلىنىدۇ. ئاپتونومىيىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇن - نىزاملىرىنى ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن زىتلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن باشقا مىللىي قانۇن-نىزاملار «ئانا - بالىلىق» مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قېلىپلاشقان مەزمۇنى، شەكلى، رولى ۋە تەتبىقلىنىش دائىرىسى، شۇنىڭدەك قانۇن كۈچى جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ باشقا تۈپ قانۇنلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى كەڭ

مەنىگە ۋە تار مەنىگە ئىگە. بىز دەۋاتقان تار مەنىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلەت ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلەت تۈزۈپ چىققان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىگە ئائىت قانۇن-نىزاملارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى، يەنى ئۇنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇ سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى قانۇن بولۇپ، تۈپ يىلتىزىدىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىر دۇنيادا مىللىي مەسىلە توغرىسىدا ھەر خىل قانۇنلار تۈزۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان ئىقتىسادىي بازىس ۋە دۆلەتنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئايرىغاندا، ئاساسەن كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىپقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقىنى

بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قانۇنىنىڭ ماھىيىتىمۇ تەبىئىي ھالدا ئوخشاش بولمايدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلىپ، ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشنى قوغدايدۇ، بۇ خىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى دەل مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مەۋجۇت مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرى بەزى مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.»① بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى قوغدايدۇ. بۇرژۇئازىيە تۈزگەن مىللىي قائىدە - نىزاملار مىللىي ئېزىشنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. گەرچە بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك تۈزۈم تونىغا ئورنىۋېلىپ، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مىللەتلەر باراۋەر دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيە ناخشىلىرىنى قانچە ئۈنلۈك توۋلىسىمۇ، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيەچىلىك ماھىيىتىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. گىتلېر قاتارلىق فاشىستلار مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىقنى غالجىرلىق بىلەن بازارغا سېلىپ، يات مىللەت خەلقىگە پاجىئەلىك ھالدا زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى قىرغانىدى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئىرقىي كەمسىتىشنى ئاشكارا يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىلىش

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 492 - بەت.

هالىتىدە تۇرىدىغان ئەڭ تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈرۈپ قويۇۋا-
تىدۇ. بۇلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇرژۇئا سىنىپى تۈزگەن
مىللىي قانۇنلار، قانداق شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقمىسۇن،
ماھىيەت جەھەتتە ھەممىسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغ-
دايدۇ. مىللىي ئېزىشنى يوقىتىش ئۈچۈن، چوقۇم كاپىتا-
لىستىك تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش لازىم. «كىشىنىڭ كىشىنى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى يوقالغان ھامان، مىللەتنىڭ مىل-
لەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە
يوقىلىدۇ»①.

سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي قانۇن تۈزۈشى بىلەن بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ مىللىي قانۇن تۈزۈشى بىر - بىرىگە تۈپتىن
ئوخشاشمايدۇ. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزم تۈزگەن مىللىي
قانۇن — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ
ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىي-
يىتى بەرپا بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ستالىن مۇنداق دې-
گەنىدى: «سوۋېتلەرنىڭ غەلىبىسى ۋە پرولېتارىيات دىكتا-
تۇرىسىنىڭ تىكلىنىشى — مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىپ
مىللىي باراۋەرلىكنى ئورنىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەرت - شارا-
ئىتى»②. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن،
5 - قېتىملىق روسىيە سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1918-
يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى يىغىنى ماقۇللىغان
«روسىيە فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 464 - بەت.

② «ستالىن ئەسەرلىرى توپلىمى»، 5 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 17 - بەت.

ئاساسىي قانۇنى» (تۈپ قانۇنى)دا مۇنداق دەپ ئې-
نىق جاكارلانغانىدى: «روسسىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھەرقاي-
سى ئەركىن مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ئىتتىپاقى ئاساسىغا
قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سوۋېت فېدېراتسىپ جۇمھۇ-
رىيىتى بولۇپ قالىدۇ». بۇ ئاساسىي قانۇندا، سوۋېتلەرنىڭ
بۇرژۇئازىيىنىڭ كىچىك دۆلەتنى مۇستەملىكە ۋە قۇل
قىلىشتىن ئىبارەت ياۋۇز سىياسىتى بىلەن پۈتۈنلەي ئادا-
جۇدا بولىدىغانلىقى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلانغان. تۇرمۇش
ئادىتى ۋە مىللەت تەركىبى ئالاھىدە بولغان ھەر قايسى
ئۆلكە سوۋېتلىرىنىڭ بىرلىشىپ، ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە
ئىتتىپاقى بولۇشى ھەمدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن روسسىيە
سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇشى تەشەببۇس
قىلىنغان. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تىكلىنىشى مىللىي
باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھا-
زىرلاپ بەردى. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزم تۈزگەن مىللىي
قانۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈ-
لۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك
كىشىنى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنى يو-
قاتتى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ مەنبەسى
يوقىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئىگى-
دارچىلىق ھوقۇقىدىن ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ھەر مىللەت
خەلقى ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىسىگە ئاي-
لاندى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
باراۋەرلىك، دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ
قالدى، بۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا
بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى مىللىي

مۇناسىۋىتىگە توپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزم تۈزگەن مىللىي قانۇن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. 1918 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنۇلار جاكارلانغانىدى: «روسسىيە فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى پۇقرالارنىڭ ئىرقى ئايرىلمايدىغانلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ئاساستا ھەر قانداق ئىمتىيازنى ياكى ئالاھىدە يول قويۇشنى بەلگىلەش ياكى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىش، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەر قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئېزىش ياكى ئۇنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ھەر قانداق ئۇسۇللار بىلەن چەكلەشنىڭ ھەممىسى جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈرلۈك قانۇنلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.» بۇرژۇئازىيە تۈزگەن مىللىي قانۇن پەقەت بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادىسىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن سوتسىيالىزم تۈزگەن مىللىي قانۇندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى پەقەت قانۇن جەھەتتىن جاكارلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا پائال كاپالەتلىك قىلىش، ھەتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتلەردىكى مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمان قىلىش بەلگىلەنگەن. بۇرژۇئازىيە تۈزگەن مىللىي قانۇنلاردا

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قو-
يۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان ياكى ئۇلارغا ھاكىمىيەتكە قات-
نىشىش ھوقۇقى بېرىلىدىغان بەزى بەلگىلىمىلەر بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن سىنىپلار بەزى مىل-
لەتلەر ئىچىدىكى ئاز سانلىق ئېكسپىلاتاتورلار بىلەن بىر-
لىشىپ، ئەمگەكچى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، خالاس. بە-
شىنچى، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن بىلەن بۇرژۇئا مىل-
لىي قانۇنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بىر-بىرىگە ئوخشىماي-
دۇ. سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ
مىللەت، مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي قانۇن-تۈزۈم توغرىسى-
دىكى تۈپ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مىللەت، مىللىي
مەسىلە ۋە مىللىي قانۇن-تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيى-
تىنى ئىلمىي ھالدا كۆرسىتىپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشنىڭ توغرا پىرىنسىپ ۋە سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
مىللىي قانۇنلارنى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە توغرا يېتەكچى ئى-
دىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇرژۇئا مىللىي قانۇن ئىدېئالى-
زمىنىڭ ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچ-
رىغانلىقتىن بۇرژۇئازىيە ئۆزى تۈزگەن مىللىي قانۇنلارنىڭ
ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، كۆرسىتىپ
بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلار ئۆزلىرى تۈز-
گەن مىللىي قانۇنلارنىڭ سىنىپىيلىكىنى ھەدەپ يوشۇرىدۇ
ۋە يوققا چىقىرىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى يو-
شۇرىدۇ.

دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان،
ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموك-
راتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلىتى-
مىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئىش-

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى ئۈستقۇرۇلما ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بارلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت خەلقىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنە شۇنداق مۇھىم سىياسىي تۈزۈم، ئۇ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسىي تۈزۈمى سۈپىتىدە «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» غا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، 1952-يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئاساسىي قانۇنلارنىڭ ھەممىسى بۇ تۈزۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلدى. 1982- يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە قارىتا تېخىمۇ مۇكەممەل بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۈستۈردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ۋە قانۇنچىلىقنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش ئارزۇسىنى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈردى. دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە ئىرادىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق

ئىپادىلەندى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈپ خاراكتېرىدۇر.

## 2 – پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم». ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

### 1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت،

سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش
رەھبەرلىكى، بىر تۇتاش پىلانى، بىر تۇتاش فاڭجېن-سىيا-
سەتلىرى ئارقىلىقلا، بىرلىككە كەلگەن نىشانغا ۋە ھەرىكەت-
كە ئىگە بولالايدۇ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق
ئېلىپ بېرىلالايدۇ. بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىپلا قالماستىن،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز-
نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز دۆلەتنىڭ بىر
تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى ئاپتونومىيە بولغاچقا، دۆلەتنىڭ بىر
تۇتاش رەھبەرلىكىنى چوقۇم كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. بۇ
ھەقتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق
دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەم-
مىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىس-
مىدۇر، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرى چوقۇم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى كېرەك. مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئادەتتىكى
يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن
بىللە، يەنە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنداقلا دۆ-
لەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى
شەرتى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى
خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى
باشقۇرۇش ھوقۇقىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى
باشقۇرغاندىلا، ئاندىن مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكىلى، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى

قوزغاتقىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن سىياسەتلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇق مەنپەئىتىنى دۆلەت تولۇق كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

يۇقىرىقى پرىنسىپلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغاندا، هەم مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەهبەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردا دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرى ۋە پىلانلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، هەم ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق كۆزدە تۇتۇپ، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغىلى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ، پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ ئورگانىك هالدا بىرلەشكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

### 2. ئادەتتىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئالاهىدە مۇناسىۋەتنى تەڭشەش

دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاهالىسى كۆپ، تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇهىت جەهەتلەردىمۇ جايلار ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. جايلارنىڭ ئەهۋالىدا نۇرغۇن پەرقلەر بار. خەنزۇ رايونلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار،

شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە تەكشىسىزلىك بار. شۇڭا ئادەتتىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى تەڭشەش مەسىلىسى مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئاپتونومىيە يولغا قويۇلمىغان جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن باشقا، يەنە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭكىدىن چوڭراق ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، مىللىي ئالاھىدىلىككە سەل قارالسا، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئاپتونومىيە يولغا قويۇلمىغان جايلارنىڭ پەرقى ئىنكار قىلىنسا، سىياسىي جەھەتتە زىيان كېلىپ چىقىپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ زىيان كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەر قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت مەسىلىسى مەۋجۇت، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ھەر قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارغا

ئورتاق بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى، ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ قانۇن سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى، ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەكلىكى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن ئالاھىدە مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈش قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن، بۇ، ئاپتونومىيە قانۇنىدا پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**3. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش**

دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى مۇرەككەپرەك، ھەر قايسى مىللەتلەر چوڭ جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتتىن باشقا، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئولتۇراقلاشقان، خېلى كۆپ ساندىكى خەنزۇلارمۇ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوقۇم توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، باي، ئاۋاتمىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ توپ كاپالەتلىرىدىن بىرى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت مىزانىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھەر خىل مىزانلار كونكرېت بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسى ئۆز ئارا ئىشىنىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، بىر بىرىنىڭ تىل-يېزىقىغا، ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغدىشى، ئۆز جايىنى ئىتتىپاقلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق، يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىكى مۇناسىۋەت تەڭشىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرى، دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش قۇدرەت تېپىشى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

## 3-پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى

1. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى، نىشانى، دۆلىتىمىز قانۇنچىلىقىنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىنىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخىي ۋە رېئال ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى كاپالەت، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭگۈشتەر.

بىرىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆز بېشىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش،

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى لازىم......». دېمەك، بۇ يەردە دۆ-
لەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنىدا باش يېتەكچى ئىدىيە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئىككىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ روھ سىڭدۈرۈلگەن، دۆلەت تۈزۈمى جەھەتتىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ جېنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بولمايدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىدىن شۇنى بىلىۋالدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازاد بولالمايتتى، گۈللەنگەن، بەختلىك شىنجاڭ قۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى يورۇتۇپ بەردى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرى ئىپادىلەندى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ يەرلىك تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرا تۈزۈمىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش مەسىلىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلىشى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكى قوغدىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيتىلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك تۈپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش ئارزۇسى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. دېمەك، يېڭى تارىخىي دەۋردە، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، ئالدى بىلەن تىرىشىپ يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە

ئىگە ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتونومى-
يىلىك جايلاردىكى خىزمەتنىڭ مەركىزى سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش. سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا،
قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە
قوشقىلى بولىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر قايسى بابلى-
رىغا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە
راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ روھ سىڭدۈرۈلگەچكە، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، دۆلەتنىڭ
بىرلىكى قوغدالدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈ-
لىشى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم-
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى گەۋدىلەندۈردى.
ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-ماركسىزم-لېنى-
نىزم-ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئە-
مەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. پار-
تىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى
ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈرلۈك تۈپ پىرىن-
سىپلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يې-
تەكچى رولىنى ۋە ئۇنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى جانلىق نا-
مايان قىلدى. ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ھەر مىللەت خەلقىگە
مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى
قائىدە-نىزاملارنىڭ بەلگىلىنىشىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ-
زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ روھنى گەۋ-
دىلەندۈردۇ.

## 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ئاپتونومىيە قانۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن يېتەكچى ئىدىيىنى ۋە ئاساسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنىڭدا ئاساسەن:

(1) دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. بۇ پرىنسىپ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت». « جۇڭگو دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى پارلاق مەدەنىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلغان بولۇپ، شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە». بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالىنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ تەجرىبىلىرىنى توغرا قەيت قىلغانلىق. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 52-ماددىسىدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار » دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ھەرىكەت مىزانىمىز. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگەندە، دۆلەتنىڭ

بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ ...... مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن پرىنسىپ قايتا تەكىتلەنگەن. دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تۈپ پرىنسىپلىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، ئۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىكى بولمىسا، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى بولمايدۇ، شۇنداقلا سوتسىيالىزم قۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن بۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر پەقەت ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىلا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىكى ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ،

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قانۇن قورالى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى قانۇن شەكلى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەندە، ھەم خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ، ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئۇ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى خىل خاتا ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك: بىرى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنىلا تەكىتلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە سەل قاراش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش. ئۆتكەندە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا بىر مەھەل يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىنمىدى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئەمەلىيەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىنكار قىلىندى. ئەمما «ئاپتونومىيە»نىلا تەكىتلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە سەل قاراشتىنمۇ ساقلىنىش لازىم، ئۇنداق قىلىنمىغاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە چىڭ تۇرغىلى بولمايدۇ. بىز دەۋاتقان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدىكى ئاپتونومىيىدۇر. بۇ خىل ئالدىنقى

شەرت ۋە باشقا شەرتلەردىن ئايرىلسا، دۆلەت مۇقەررەر
ھالدا پارچىلىنىپ كېتىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە ئەمەلدىن قالىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-
نى توغرا يولغا قويۇش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلەتنىڭ بىرلىكى
بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئۆزئارا بىر-
لەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، بىرلىك بىلەن ئاپ-
تونومىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.
ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنىنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشە-
نىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قوغداش
لازىم.

(2) مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئۆزئارا
بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. دۆلىتىمىز سوتسى-
يالىستىك دۆلەت، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى دېمەكتۇر، شۇڭا تۈپتىن ئېيتقاندا،
دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپە-
ئەتى بىردەك، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشى تۈپتىن ئېيتقاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز
قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، دۆلەت مەنپەئەتىدىن، سوتسى-
يالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلغاندا، مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتسىز قا-
لىدۇ. ئەمما مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا مىللەت ۋە
جاي پەرقى مەۋجۇت بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەنپەئەتى ۋە

تەلىپىمۇ بولىدۇ، پەقەت دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەندىلا، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، بۇنداق قىلىش دۆلەت قۇرۇلۇشىغىمۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ پايدىلىق بولۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق يەنىلا مەۋجۇت، ئالاھىدە مۇھىت ۋە شارائىت ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدىكى ئالاھىدە مەنپەئەت ۋە تەلەپنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قوغداش — قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش دېمەكتۇر. ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا: «دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مالىيە، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بۇ بەلگىلىمىلەر جەمئىي 27 ماددىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: بىرىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا ناھايىتى چوڭ ھوقۇق بېرىلگەن، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن

ئىجرا قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن: ئىككىنچىسى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك خاراكتېردىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش ھوقۇقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە سەككىز تۈرلۈك ھوقۇق، مالىيە جەھەتتە بەش تۈرلۈك ھوقۇق، مائارىپ جەھەتتە ئۈچ تۈرلۈك ھوقۇق، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىككى تۈرلۈك ھوقۇققا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرىدىغانلىقىنى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق بۇ ھوقۇقلارنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تېزلىشىدۇ، دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتى، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىرلەشتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كۈچىيىدۇ، مىللەت گۈللىنىدۇ.

ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:

«مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان

هەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپ ئورۇنلىشى لازىم»، «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ». دېمەك، بۇ يەردە مەركەز بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ، دۆلەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى قانۇن جەھەتتىن توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان، بىر تەرەپتىلا تەكىتلەپ، بىر تەرەپكە سەل قارايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان ئۇسۇللاردىن ساقلىنىلغان، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتى بىردەك راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان.

(3) مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. بىز چوقۇم پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى ۋەزىپىسىنى ئىزچىل ئورۇنلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز لازىم».

مىللىي باراۋەرلىك — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈپ پىرىنسىپى، مىللىي باراۋەرلىك — مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، مىللىي ئىتتىپاقلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ شەرتى، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — مىللىي باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ نىشانى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق شەكىللەنگەن چوڭ ئائىلە بارلىققا كەلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى. باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ»، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ». ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىدۇ، مۇناسىپ ھالدىكى ئاپتونومىيىلىك جاي ياكى مىللىي يېزا قۇرۇپ بېرىدۇ،

ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، تارقاق
ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئېتىبار بېرىدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى باشقا مىللەت-
لەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىگە چېتىشىدىغان ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلغاندا، شۇلارنىڭ ۋەكىلى بىلەن كېڭىشىدۇ، ھەر
قايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن
ھوقۇقىنى بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇ-
لارغا تەربىيە بېرىپ، پۇقرالار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇ-
رىيەتنى ئادا قىلدۇرىدۇ؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپ-
تونومىيە ئورگانلىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-
يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىنى،
ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى ساقلاپ
قېلىش ئەركىنلىكىنى، دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى كا-
پالەتلەندۈرىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلىش
جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئىچىدە
ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىلىدىن باشقا،
شۇ ئاپتونوم رايونلاردا ئولتۇرۇشلۇق باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ
مۇۋاپىق ۋەكىللىرى بولۇشى لازىم؛ ئاپتونومىيىلىك جايلار-
دىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىگە
مۇمكىنقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان
مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى سەپلى-
نىشى كېرەك؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا قاراشلىق خىزمەت
تارماقلىرىغا مۇمكىنقەدەر ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىل-
لەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى قويۇلۇشى
كېرەك، ۋەھاكازالار. بۇلار ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىل-
لەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنىنى، ئالدى بىلەن ئۆزمىللىتىنىڭ

ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، شۇنداقلا هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ماركسىزم هەر قايسى مىللەت تەرەققىي قىلىش جەريانىدا جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ، شۇڭا مىللەتلەر چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىلماستىن، بىردەك باراۋەر بولۇش كېرەك، باشقا مىللەتنى ئەزگەن مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ ئەركىن مىللەت بولالمايدۇ، مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇ هەر خىل شەكىلدىكى مىللىي ئېزىشنى بىكار قىلىشتىن ئىبارەت، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىش بىكار قىلىنسا، هەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ، سىياسىي جەھەتتە، قانۇن جەھەتتە باراۋەرلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ، مىللەتلەر ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەر تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزم شارائىتىدا يەنە ئالاھىدە غەمخورلۇققا ئېرىشىش هوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاددىي هالدا قاراقويۇقلا: هەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەقەت سىياسىي جەھەتتە، قانۇن جەھەتتىلا باراۋەرلىك مەۋجۇت، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك پەقەت شەكىلدىكى باراۋەرلىكتىنلا ئىبارەت، ئەمەلىيەتتە باراۋەرلىك يوق، دېيىشكە بولمايدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكتىنمۇ بەھرىمەن بولىدۇ، مانا بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى.

ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكتىن

بەھرىمەن بولۇشى دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن ـ بەلگىلى-
مىسى ۋە ماددىي كاپالەتكە قارىتا ئېيتىلغان، بۇ ھەرگىزمۇ
مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن
ئوخشاش بولۇپ كەتتى دېگەنلىك ئەمەس. كونا جۇڭگودا
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار مىللىي ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتات-
سىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگەچكە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئاستا بول-
غان، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خەنزۇلارغا قارى-
غاندا ئارقىدا قالغان دېيىشكە بولىدۇ، بۇ خىل كونا تۈ-
زۈمنىڭ داغلىرى كونا تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ
دەرھال يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم
شارائىتىدا، ئەسلىدە ئارقىدا قالغان مىللەتلەر تەرەققىياتى
تېز بولغان باشقا مىللەتلەرگە تېخىمۇ تېز يېتىشىۋالالايدۇ
ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلەيدۇ، كونا جەمئىيەتتىن قېپ
قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەر-
سىزلىك ھادىسىلىرىنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى
پەرقلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ھەر
قايسى مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ
شارائىتلىرى ئوخشاش ئەمەس، تەرەققىياتىنىڭ تېز ـ ئاستا
بولۇشىدىمۇ پەرقلەر بار، بۇلار مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە
ئېزىشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئەگەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى تەرەققىيات پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغاندا، ئاندىن ئە-
مەلىيەتتە باراۋەرلىك بولىدۇ دەپ قارالسا، بۇنداق
باراۋەرلىك مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر
تەرەققىياتىنىڭ مۇتلەق تەكشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەزەلدىن
ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ

كۆرسەتكەندى: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتى-
پاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلى-
قى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كا-
پالىتى». مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى ئادەتتىكى مە-
سىلە ئەمەس، ئۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇشىغا
مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ
تۇرۇش — دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيا-
لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-
نىڭ تۈپ كاپالىتى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر
قايسى بابلىرىدا سوتسىيالىستىك مىللىي ئىتتىپاقلىقنى
قوغداشتىن ئىبارەت بۇ روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە تەكىت-
لەنگەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشى لازىملىقى، ھەر مىللەت
كادىرلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشى كېرەكلىكى،
ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا قارىتا «بەشنى سۆيۈش» نى تە-
كىتلىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىزملىق ۋە مىللىي سىيا-
سەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش،
ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقىغا، ئۆرپ - ئادىتىگە
ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىپ، بىرلىكنى ۋە مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغدىشى ھەققىدە تەربىيە
ئېلىپ بېرىشى بەلگىلەنگەن. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقلىقىنى قانۇن جەھەت-
تىن كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۇنى يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇردى ۋە
قېلىپلاشتۇردى، ئاساسىي قانۇنىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ھەققىدىكى پرىنسىپلىرىنى بېيىتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: «ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولغاچقا، ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ ۋە ۋەقە پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بۇ بەلگىلىمىسى ھەر مىللەت خەلقىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى بىر چوڭ قورال بىلەن تەمىنلىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتلەر ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاز سانلىق بۇزۇقلارنىڭ قىلمىشى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن جازالىنىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشى جەريانىدا چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم». مىللەتچىلىك بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشىدۇر، ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالىدۇ، خەلقنىڭ كۈچىنى پارچىلايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا چوقۇم قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىش لازىم.

خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ، شۇڭا چوڭ مىللەتچىلىك ئادەتتە چوڭ خەنزۇچىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ كادىرلار ۋە خەنزۇ ئاممىسى بۇنى ئەستە چىڭ ساقلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشى لازىم. چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ بارلىق ئىپادىلىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى يېڭىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ھالقىسى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى نوپۇسى كۆپرەك بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ چوڭ مىللەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىشقا ۋە ئۇنى يېڭىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. يەرلىك مىللەتچىلىكمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز، ئۇنىڭدىن چوقۇم ساقلىنىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمىلىرى مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى چوڭ مىللەتچىلىك ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ھەممىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇپ، ھەر ئىككىسىگە ئىتتىپاقلىشىش، تەنقىد قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم، ئىشنى تەربىيە بېرىشتىن باشلاپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتچىلىكنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىنى ئاڭلىق ھالدا يېڭىش ۋە تۈزىتىش لازىم. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى كېڭەيتىۋېتىشتىن ساقلىنىش، دۈشمەنگە قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنى خەلق ئىچىدىكى مەسىلىلەرگە قوللىنىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك، تارىختىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغاندا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم،

خىزمەت مەسىلىسىنى، پىكىردىكى ئىختىلاپلارنى، مىللىي
ھېسسىياتنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، قائىدە-يوسۇنلارنى،
دىنىي ئېتىقاد ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى مىل-
لەتچىلىك بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئادەتتىكى ئىدىيەۋى
تونۇش مەسىلىسىنى مىللەتچىلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ.
مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — ماركسىزم-لېنىنىزم-
نىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈپ پرىنسى-
پى. شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىل-
لەتلەر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇ-
رۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا
راۋاجلىنىپ، بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك مىللەت
بولۇپ قالدى، ئەمما مىللەت خاراكتېرىنىڭ تۈپتىن ئۆز-
گىرىشى مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرقنى ئۆزگەرتىۋەتمىدى،
مىللەتنىمۇ يوق قىلىۋەتمىدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ
بەرپا قىلىنىشى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن
شەرت ھازىرلىدى ۋە ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بەردى. پۈتكۈل
سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچ يەنىلا مىللەت-
نىڭ راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مىللەتلەرنىڭ
گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى ۋە نىشانى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشى سوتسىيالىستىك تەرەققىياتنىڭ كاپالىتى. يول-
داش جۇ ئېنلەي «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققى-
دىكى بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ئەسىرىدە: «كۆپ مىللەت-
لىك بۇ چوڭ ئائىلىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك
دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، چوقۇم مىللىي گۈللى-
نىش ئاساسىدا ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

سوتسىيالىزمدىن ئايرىلغاندا، مىللەتلەرنى ئورتاق
گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ - دە، ئۇ هالدا هەقىقىي سوتسى-
يالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشمۇ مۇم-
كىن ئەمەس.

(4) دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ،
گۈللەنگەن، باي ئاپتونومىيە قۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈ-
رۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ئومۇمەن بىر قەدەر ئارقىدا قال-
غان، مىللەتلەر ئارا ئەمەلىيەتتىكى بۇ باراۋەرسىزلىكنى
كونا جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان، تارىختىن قېپقالغان
بۇ خىل باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىپ، گۈللەنگەن، باي مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇپ چىقىشتىكى تۈپ هالقا—
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئۇزۇن مۇددەت-
لىك، تۈپ خاراكتېرلىك ۋەزىپە هېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلسا، ئىشلەپچىقى-
رىشى يۈكسەلسە، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرى راۋاج-
لانسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن كادىر ۋە ئىختى-
ساسلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى تارىختىن قالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك قە-
دەممۇ - قەدەم هەل بولىدۇ. تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ
مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ
ياردىمى ئاستىدا، چوقۇم ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى-
نى ئاساس قىلىش روهىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاساسىي

قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇنىڭغا قارى-
تا بىر يۈرۈش مۇكەممەل ۋە كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۈزۈل-
گەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاساسەن: يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرى خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە ئىجتىمائىي تەرەق-
قىيات پىلانىنى تۈزگەندە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش؛ دۆلەت
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك
مەخسۇس مەبلەغ تەسىس قىلىش؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇر-
مۇش ۋاسىتىلىرىنى تەقسىم قىلغاندا، مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش؛ مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنىڭ سودا قاتارلىق كارخانىلىرىغا ھەر
جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش؛ مەبلەغ سېلىش، پۇل قەرز بې-
رىش، باج يىغىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، توشۇش،
سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لار ئۆز جايىدىكى ماددىي بايلىقتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق پاي-
دىلىنىپ، يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش؛ قاتناش،
ئېنېرگىيە، مىللىي ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە ئەنئەنىۋى
قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا ياردەم بېرىش؛ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايون-
لار بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئىقتىسادىي
تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە
ئۇنى قوللاش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق
مەنبەلىرىنى ئاچقاندا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بار-
غاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى
كۆزدە تۇتۇپ، ئىشنى شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى-
غا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىش؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش. بۇ بەلگىلىمىلەر مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشەنچلىك قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، يالغۇز دۆلەتنىڭلا ياردىمىگە تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ»، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشى لازىم». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېررىتورىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ماددىي بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، سانائەت-دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە باشقا ئىشلارنى

راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. شىنجاڭ-
نىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئاپتونومىيىلىك
جايغىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك.
2000 - يىلغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپ-
چىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت
نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ تۆت-
نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بازىلىرىدىن بىرى قى-
لىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە مىللەتلەر ئارا ئەمەلىيەتتىكى با-
راۋەرسىزلىكنى قەدەممۇ-قەدەم تۈگىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ-
دىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆ-
لەتنىڭ زور ياردىمى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا جاپاغا چىداپ كۆرەش قى-
لىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى
قىلدۇرۇۋاتىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-
نىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسا-
دىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىپ، شىنجاڭنى
گۈللەنگەن، باي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ
چىقىۋاتىدۇ.

(5) پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى ئۆزئارا بىر-
لەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئاپتونومىيە قانۇنى
ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپى ۋە بەلگىلىمىسىگە ھەم ھەر
قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئاسا-
سەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يۈكسەك پرىنسىپاللىق
گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى

تۈزۈشتە پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلغان. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىخىي تەجرىبىلەردىن شۇنى چۈشىنىۋالدىكى، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇننىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بەرپا قىلىنىدىغانلىقى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى، دۆلەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپلىرى كونكرېتلاشتۇرۇلغان. بۇ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، ئۇنىڭدا پەقەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلاردىكى ئومۇمىي خاراكتېرنى ئالغان مەسىلىلەرگە قارىتا بەلگىلىمە چىقىرىلغان. دۆلىتىمىزدە مىللەت كۆپ، ئەھۋال مۇرەككەپ، جۇغراپىيىلىك شارائىتمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەك تەپسىلىي بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە نىسبەتەن يەنىلا پرىنسىپاللىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ، تارقالغان جايلىرىمۇ كەڭ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆپ قىسمى چېگرا رايونلارغا جايلاشقان، تارىخىي شارائىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ جايلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتا ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلىرىنى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ئاپتونومىيە قانۇن-نىزاملىرىنى تۈزۈش قاتارلىق تولۇق ھوقۇقلار بېرىلىپ، ئۇنىڭ جانلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى تەجرىبىلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت

تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قا-
نۇندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا تېخىمۇ چوڭ ئاپتونومىيە
ھوقۇقى بېرىلگەن. بولۇپمۇ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت-
نىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىزچىل-
لاشتۇرىدۇ، ئەگەر يۇقىرىنىڭ قارار، بۇيرۇق، يوليورۇقلىرى
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇي-
غۇن كەلمىسە، يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن،
ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىدۇ ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىدۇ.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قا-
نۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى كونكرېتلاشتۇرۇل-
غان ھەمدە بۇ ھوقۇقلارنىڭ مەزمۇنى كېڭەيتىلگەن. دېمەك،
بۇ، دۆلەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىغا تېخىمۇ چوڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەرگەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ،
«بەخت قانۇنى» دەپ ئاتالدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە قانۇنىدا ئۆتكەنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ۋە توغرا
پىرىنسىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇ-
لۇپ، «سول» چىل خاتا ئۇسۇللار تۈزىتىلدى، شۇنىڭ بى-
لەن بىللە، ئۇنىڭدىكى دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش
ۋەزىپىسىگە ئاساسەن مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈلۈپ چىقىرىلغان توغرا بەلگىلىمىلەر، بولۇپمۇ ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش

ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى توغرا نىشان ۋە تەدبىرگە ئىگە قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ، بەزىلىرىنى تىرىشىش ئارقىلىق، ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا قانۇن ماددىلىرى بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئەمما ئۇنى مۇكەممەل بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئۇنى تولۇقلاشقا، راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ ھەم تونۇپ يېتىلىۋاتىدۇ، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھازىرچە بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تەجرىبىلەر توپلىنىغاندا، ئاندىن ئۇ قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈشتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-
سەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان
هالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇ-
رۇش هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى. بۇمۇ ئاپتونومىيە قانۇنى-
نىڭ جانلىقلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى

## 1 — پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئۇقۇم

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ھاسىل قىلغان مۇھىم ئامىللار

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان بىر توپ سىياسىتىدۇر، شۇنداقلا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمدۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئارگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر.» بۇ

بەلگىلىمە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مىللەت تەركىبى، تېررىتورىيە چېگرىسى، مەمۇرىي تۈرنى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى، ئىچكى مۇناسىۋەت ۋە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە باشقا مەسىلىلەردىكى تۈپ روھنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تەشكىل قىلىدىغان تۈپ ئامىللارنى، يەنى تېررىتورىيە ئامىلى، ئاپپارات ئامىلى ۋە ھوقۇق ئامىلىنى ئۇقتىلىق ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تېررىتورىيە ئامىلى دېگىنىمىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇ ھەم دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جاي، ھەم ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، خەلق دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىدىغان جاي.

ئاپپارات ئامىلى دېگىنىمىز، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگىنى دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئورتاقلىققىمۇ، خاسلىققىمۇ ئىگە.

ھوقۇق ئامىلى دېگىنىمىز، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىغا ئوخشاشلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۈچ ئامىل ئۆزئارا بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ،

بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ، بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە ھازىرلاش زۆ-
زۈر بولغان، كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

### 2. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈ-
زۈمى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك سىيا-
سىي تۈزۈم. بىر دۆلەتنىڭ قانداق سىياسىي تۈزۈم يۈرگۈ-
زۈشى شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ
خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان
تىپتىكى دۆلەتلەر تۈپ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان سى-
ياسىي تۈزۈمنى يۈرگۈزىدۇ. ئاخشاش تىپتىكى دۆلەتلەرنىڭ-
مۇ دۆلەت ئەھۋالى ئوخشاشمىغانلىقتىن، سىياسىي تۈزۈمى-
دىمۇ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.
ماركسىزم، لېنىنىزم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇش ـــ پرولېتارىياتنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلەتتە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇ-
ھىم بىر سىياسىتى دەپ قارايدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى:
«ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتە، تۇرمۇش جەھەتتە بىر قەدەر
چوڭراق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئالاھىدە مىللىي تەر-
كىبتىكىلەرنىڭ ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت بۇ خىل ھوقۇقتىن
بەھرىمەن بولۇشى كاپالەتلەندۈرۈلمىسە، بۈگۈنكى دۆلەتنىڭ
زامانىۋى دېموكراتىك دۆلەت بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى
بولمايدۇ.» ① ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى كونكرېت
شەكلىگە كەلسەك، ئۇنى ھەر قايسى دۆلەتلەر ياشاۋاتقان

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى،
30 ـ 31 ـ بەت.

تارىخىي شارائىت، مىللىي مۇناسىۋەت، مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بەلگىلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈمىنى قوللاندى، يوگوسلاۋىيە پالاتالىق تۈزۈمىدىكى فېدېراتىپ شەكلىنى قوللاندى، دۆلىتىمىزدە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قوللىنىلدى. دۆلىتىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، يوگوسلاۋىيىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ئاپتونومىيە تۈزۈمى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يوگوسلاۋىيىلەردە مەركەز بىلەن ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھوقۇق مۇناسىۋىتى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن ئايرىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنى مىسالغا ئالساق، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىتتىپاقداشلىق ھوقۇقى يۈرگۈزۈلگەندىن باشقا، ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرمۇ ھوقۇقىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ. ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش ھوقۇقى بولىدۇ، چەت ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيە تەشكىللەش ھوقۇقى بولىدۇ، ئىتتىپاقتىن ئىختىيارىي ھالدا چىقىپ كېتىش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ. تېررىتورىيە ئايرىش جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يوگوسلاۋىيىدە مىللەت تەركىبى ئاساس قىلىنغان، ئۇلار ئايرىغان بۇ تېررىتورىيىلىك جايلارنى ئۇلار جۇمھۇرىيەت، ئاپتونوم ئۆلكە، مىللىي ئوبلاست دەپ ئاتايدۇ. دۆلىتىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يوگوسلاۋىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ.

بۇ جەھەتتە، دۆلىتىمىزدە جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈمى جە-
ھەتتىكى ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئاساسەن مۇن-
داق بىر نەچچە نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مۇن-
داق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈ-
تۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىل-
غان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت»، «ئاز سان-
لىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ»، «مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
ئايرىلماس بىر قىسمى». مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەنىنىڭ بىر
تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ،
ھەممىسى گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ.» بۇلار شۇنى چۈشەندۈ-
رىدۇكى، دۆلىتىمىز يەككە تۈزۈملۈك دۆلەت بولۇپ، سوۋېت
ئىتتىپاقى ۋە يوگوسلاۋىيىلەر بىلەن ئوخشاشمايدۇ. دۆلىتى-
مىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى دۆلەتنىڭ
بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى ئاپتونومىيە، مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلار مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى
يەرلىك مەمۇرىي رايون. بۇ رايونلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
«ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت»لىرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. يو-
گوسلاۋىيىنىڭ «سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى»گىمۇ، ئاپتونوم
ئۆلكىسى» گىمۇ ئوخشاشمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلىرىدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى،
قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، تاشقى ئىشلار ھوقۇقى يوق، ۋەتەندىن

بۆلۈنىش ھوقۇقى يېخىمۇ يوق. دۆلەتنىڭ بىرلىكى
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى، بىرلىكتىن چەتلىگەندە، دۆلىتىمىز-
نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى توغرا
چۈشەنگىلى ۋە يولغا قويغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز-
نىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرى قوش ئورۇنغا ئىگە: بىر تەرەپتىن، ئۇ دۆلەتنىڭ
بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئا-
دەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئوخشاش ھوقۇق-
نى بەھرىمەن بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويغان
ئورگىنى بولۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن
ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، يەنى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدىغان، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاپ-
تونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ
ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ
تەرەققىي قىلىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز-
نىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى،
سەۋەب: بۇنىڭدا ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ
راۋاجلىنىشىنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە-
نىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە

ۋە دۆلەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتو-
نومىيە ھوقۇقىنىڭ راۋاجلىنىشى سوتسىيالىستىك دېموكرا-
تىيىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېموكراتىيە
راۋاجلانغانىكەن، ئۇنداقتا قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش-
كە توغرا كېلىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھو-
قۇق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىن، شۇنىڭدەك
ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان جەمئىيەت-
نىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ھەرگىز ھالقىپ كېتەلمەيدۇ»①
ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى چوقۇم ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى كېرەك، سوتسىيا-
لىستىك دېموكراتىيە تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، قەغەز يۈزىگە
يېزىلغان ھوقۇق ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ
قالىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقى قانۇن جەھەتتىكى ھوقۇقتا مەن-
سۇپ، ئۇ چوقۇم ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى
كېرەك، چوقۇم مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى كېرەك. بىز قەغەز يۈزىدىكى نەرسىنى قوغ-
لاشمايمىز، بەلكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا
بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش
ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەمدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت-
نى، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق،
خەلقنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشقا

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

ئەھمىيەت بېرىمىز. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا سەل قارالسا، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ، ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قوغلاشقاندا، ئوخشاشلا ھەقىقىي ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىسىز بولىدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى—مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ، ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئامىلنىڭ توغرا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، 56 مىللەت ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 94 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئازراق. ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا چوڭ جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بىر تەرەپتىن خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىمۇ مەلۇم ساندىكى خەنزۇ ئاھالىسى بار. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ ياكى كىچىك رايونلىرىمۇ بار، بۇ رايونلاردا، خەنزۇ ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر كىرەلىشىپ،

ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ خىل نوپۇس قۇرۇلمىسى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى دۆلىتىمىزدە پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئاساس قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى، مىللىي تەركىبىي ئاپتونومىيە قۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بەزى جايلاردا خەنزۇ-لارنىڭ ئاھالىسى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتنى ئاساس قىلىپ ئاپتونومىيە قۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە بولىدىغان-لىقىنى بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى مۇئەييەن رايون دائىرىسىدىكى ئاپتونومىيىدۇر، مىللىي ئاپتونومىيە مۇئەييەن رايون تەۋەسىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدا يەتكۈز-گىلىمۇ بولمايدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى توغرا بىرلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇ تارىختىكى «مىللىي مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى» بىلەن تۈپتىن ئوخ-شىمايدۇ. «مىللىي مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى» دە مىللىي تەركىب بويىچە ئاپتونومىيە تەشكىللەش تەشەببۇس قىلىنغان، ئۇنىڭدا مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيى-نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بېرىلمەستىن، «ساپ» مىللىي

تەشكىلات قۇرۇلماقچى بولغان، بۇ پەقەت بىر خىل سۇلۇك
تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش مەسىلىسىنى ھەرگىز
ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەۋەپەرەستلىك-
تىن ئىبارەت. مىللىي ئايرىمچىلىق سىياسىتى بىلەنمۇ
تۈپتىن قارىمۇ-قارشى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە،
ئىچكى موڭغۇل رايونىدىكى دېمىچىلىك ۋاڭ ئۆزىگە تەۋەقىسىملار-
غا موڭغۇل، خەنزۇلارنى ئايرىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش
بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، تەۋەپەرەستلىك سىياسىتىنى قوللانغان،
موڭغۇللار پۈتۈنلەي خوشۇنغا ئايرىلىپ ئىدارە قىلىنىدىغان-
لىقىنى، خەنزۇلار ناھىيىگە ئايرىلىپ ئىدارە قىلىنىدىغانلى-
قىنى بەلگىلىگەن، بۇ ماھىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا
بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق، مىللىي مۇناسىۋەتنى بۇزغانلىق.

دۆلىتىمىزدە ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كۆپ،
پەرقلەر ناھايىتى چوڭ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر
ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت
تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە، ئوخشاش بولمىغان
مىللەت ۋە رايونلارنىڭ تارىختىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
تەرەققىياتىمۇ ئوخشاش بولمىغان ياكى دېگۈدەك ئوخشاش
بولمىغان، ئوخشاش بولمىغان رايونلار ئوخشاش بولمىغان
ئىقتىساد خىللىرىغا ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئىگە
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىشتا، ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى بىلەن تارىختا
تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت
رايونلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش

كېرەك، بۇنداق قىلىش ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

## 2-پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى

### 1. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ شەكىللىنىشى

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي گۈللىنىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى تەكىتلەپ كەلدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا، پارتىيە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

توغرىسىدىكى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1931 -يىلى
جياڭشىنىڭ رۇيجىندە ئېچىلغان جۇڭخۇا ئىشچى - دېھقان -
ئەسكەرلەر سوۋېتىنىڭ 1-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ
ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى»، شۇنىڭدەك «جۇڭگو ئاز-
سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ھەققىدىكى قارار لايىھەسى»
دە، مىللەتلەردە ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش
ھوقۇقى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتو-
نومىيىلىك تېررىتورىيىنى بەرپا قىلىش مىللەتلەرنىڭ
ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ھوقۇقىنى يولغا
قويۇشنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قارالغان. بۇنىڭ بىلەن،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى
تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەلۋەتتە، شۇ چاغدىكى
تەسەۋۋۇر بىلەن بۈگۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيىدە ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

1935-يىلى 12-ئاي ۋە 1936-يىلى 6-ئايلاردا، جۇڭخۇا
سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ
موڭغۇل خەلقىگە ۋە خۇيزۇ خەلقىگە خىتابنامە ئېلان
قىلدى. خۇيزۇ خەلقىگە ئېلان قىلغان خىتابنامىدە مۇنداق
دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: «بىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى
ئۆزلىرى ھەل قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، خۇيزۇلارنىڭ
ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي خۇيزۇلار ئۆزلىرى ھەل قىلىشنى، ئو-
مۇمەن خۇيزۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى جايلاردا،
خۇيزۇلار ئۆزلىرى مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بارلىق
سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق،
مائارىپ ۋە باشقا ھەممە ئىشلارنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشنى،

ئومۇمەن خۇيزۇ خەلقى ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان رايونلار-
دىمۇ رايون ۋە يېزىلارنى بىرلىك قىلىغان هالدا، مىللىي
باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا، خۇيزۇلار ئۆز ئىشلىرىنى
ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان خۇيزۇ ئاپتونوم هۆكۈمىتى قۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىمىز.» ئەينى ۋاقىتتا «خۇيزۇلارنىڭ تېررىتو-
رىيىسى» بىلەن «خۇيزۇلار ئاز ساننى ئىگىلەيدىغان رايون»
لار ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلگەن. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتى-
مىزدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ جەھەتتىن ئارىلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان، كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇ-
راقلاشقان ئالاهىدىلىكلىرىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1938 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 6 -
نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش ماۋزېدۇڭ يە-
نىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەت-
لىك دۆلەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلى-
رىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆز دوكلاتىدا
مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ،
مياۋزۇ، ياۋزۇ، يىزۇ ۋە غەربتىكى باشقا ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن باراۋەر هوقۇقتىن بەھرىمەن
بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ، ئۇلاردا ياپونغا ئورتاق قارشى تۇ-
رۇش پرىنسىپى ئاستىدا، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇ-
رۇش هوقۇقى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار خەنزۇ-
لار بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرىدۇ.»
دوكلاتنىڭ 2 -، 3 -، 4 - ماددىلىرىدا، يولداش ماۋزېدۇڭ
يەنە مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتناشقان مىللىي ئىشلار كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مىللىي مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈش، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، دىن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز، تىل - يېزىقىنى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، خەنزۇلار باشقا مىللەتلەرگە مىللىي باراۋەرلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ھەر قانداق ھاقارەت ۋە سەل قاراش خاراكتېرلىك سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ دوكلاتى پارتىيىمىزنىڭ كېيىنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى بەلگىلەشكە قارىتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. 1939 - يىلى 12 - ئايدا، يولداش ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى ھەم ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «جۇڭگو نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن كەڭ ئاھالىغا ئىگە بىر دۆلەت» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى «جۇڭخۇا مىللىتى» دېگەن بىر ئۇقۇمغا يىغىنچاقلىدى ھەمدە جۇڭخۇا مىللىتى «جاپاغا چىداشتەك ئەمگەكچانلىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇش بىلەن بىللە، ئۇلار ئەركىنلىككە تەشنا، ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە باي»، «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىدىكى ھەر مىللەت

خەلقى تاشقى مىللەتلەرنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارشىلىق قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بۇ خىل ئېزىشنى يوقىتىدۇ، ئۇلار باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشنى ياقلايدۇ، بىر - بىرىنى ئېزىشنى ياقلىمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ بايانلار پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېرر-ىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشىنى نەزە-رىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

1941 - يىلى، پارتىيىمىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسەت سۈپىتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى تە-تىقلاپ ئېلان قىلغان «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايون ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى» غا كىرگۈزۈپ، «مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن، موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىگە قارىتا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جە-ھەتتە خەنزۇلار بىلەن باراۋەر بولۇش سىياسىتى يولغا قو-يۇلىدۇ، موڭغۇل ۋە خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ - ئادەتلى-رىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. يۇقىرىقىلارغا ئا-ساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى شەن-شى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلىرىدا يولغا قويۇلۇپ، خۇيزۇ، موڭغۇل مىللەتلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي-لاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خۇيزۇ ۋە موڭغۇل ئاپتونوم رايونلىرى، ئاپتونوم يېزىلىرى قۇرۇلدى. 1946 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا را-يونىنىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپى» دا پارتىيىنىڭ مىل-لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى، قانۇن شەكلى

ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ
ئېنىق بەلگىلەندى: «چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت-
لەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار مىللىي رايونلارغا
ئايرىلىدۇ ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەت تەش-
كىل قىلىنىدۇ، ئۆلكىنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن قارىمۇ-
قارشى قىلىپ قويماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئاپتونومىيە
قانۇن - نىزاملىرى تۈزۈلىدۇ.» پارتىيىمىز ۋەكىللەر ئۆ-
مىكى 1949 - يىلى چاقىرىلغان كونا سىياسىي كېڭەش يى-
غىنىغا «تىنچلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش پروگرامما لايىھى-
سى»دىن بىر نۇسخا سۇنۇپ، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنىنى ۋە ئۇ-
نىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم» لىقىنى
تەشەببۇس قىلغانىدى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز غە-
لىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىمىز مۇئەييەنلەشتۈرگەن
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئازاد رايونلار-
دا قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئىچكى موڭ-
غۇل ئاپتونوم ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ، دۆ-
لىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پرىنسىپى
بويىچە قۇرۇلغان، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ تۇنجى مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم ھۆكۈمىتى ئىدى. ئىچكى موڭغۇل
ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن
باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئۇ، دۆلى-
تىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە تۈزۈمىنى كەڭ يولغا قويۇشنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر
بىلەن تەمىنلىدى.

## 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ قالدى

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دا، دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى شەكلىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم بەلگىلىمە چىقىرىلدى، ئۇنىڭدا پرىنسىپ جەھەتتىن: «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرخىل مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ بىر باشلىنىش ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يېڭى جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم تۈزۈمى ۋە دۆلەت سىياسىتى بولۇپ قالدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، مىللىي ئېزىش تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىپ تاشلاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يۈكسەلدۈرۈش

ئارقىلىق، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي جەھەتتە
ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش، ھەم ئۇلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زات-
لىرىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەر-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ھەر قايسى مىل-
لەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش،
بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق خىزمەت — ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ۋە ياخشى-
لاپ، ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش. مىل-
لىي خىزمەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا
ماسلىشىش ئۈچۈن، «ئورتاق پروگرامما» نىڭ پرىنسىپ ۋە
بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1958 - يىلى 8-ئايدا مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»
نى تەستىقلاپ ئېلان قىلدى. بۇ پروگراممىدا مۇھىمى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك
ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەلگىلەندى، باشقا تەرەپ-
لەرگە، مەسىلەن، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەت-
لەرگە قارىتا ئومۇمىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى. پروگرامما-
نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى، مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى، «ئورتاق
پروگرامما» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەت-
لەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاينى ئاساس قىلىپ قۇرۇل-
غان تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدۇر، دەپ بەلگىلەندى. بۇ
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەن-
پەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر پرىنسىپ. بۇ ئومۇمىي
پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق

مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۆز مىللىتىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەرلىك خاراكتېرلىك ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، پۈتۈنلەي باراۋەر ھالدا دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ تەۋرىنىشكە بولمايدىغان يەنە بىر پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. پروگراممىدا يەنە، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەت تەركىبى، تېررىتورىيە چېگرىسى، مەمۇرىي ئورنى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى، ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپلاردا ماركسىزمنىڭ پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. بۇ پرىنسىپلار دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسىي قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە قارىتا يەنىمۇ بىر قەدەر ئەتراپلىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ تۈزۈمنىڭ ئەڭ تۈپ مەزمۇنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ ئاساسىي قانۇندا: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر، ئاپ-

تونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بولۇپ،
باشقا يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئوخشاشلا مەركەزنىڭ
مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىشىغا بويسۇنۇشى لازىم،
دەپ بەلگىلەندى. مانا بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي پرىنسىپىنى
گەۋدىلەندۈرگەنلىك. بۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ چوقۇم
غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاساسىي قانۇندا يەنە
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بار-
لىقى ئېنىق بەلگىلەندى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى:
ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ شەكلى تېررىتورىيىلىك مىللىي
ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ كۆپ ساندىكى خەلقى-
نىڭ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلىنىدۇ؛ ئاپتونومىيە ئورگانلى-
رى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئۆز جايىنىڭ
مالىيىسىنى باشقۇرىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى
بويىچە ئۆز جايىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنىنى تەش-
كىللەيدۇ؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەت-
لەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھى-
دىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامنامىسى ۋە يەككە نى-
زاملارنى تۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائى-
مىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋە-
زىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆز جايىدىكى مىللەتلەر ئورتاق
ئىشلىتىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يې-
زىقنى قوللىنىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇندا
يەنە ھەر قايسى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈ-
شىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى بەلگىلەندى. ئاساسىي
قانۇندا يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە ئۇنىڭ

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن بۆلۈنۈشى
ۋە رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسىدا،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، را-
يون، يېزا (كەنت) دىن ئىبارەت بەش مەمۇرىي دەرىجىگە
ئايرىلىدىغانلىقى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى «ئاپتونوم رايون»
دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 1954 - يىلىدىكى ئا-
ساسىي قانۇندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئاپتونوم
رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت
ئوخشاش بولمىغان ئۈچ دەرىجىگە ئايرىش ھەمدە ئايرىم -
ئايرىم ھالدا مۇناسىپ ھالدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تە-
سىس قىلىش بەلگىلەنگەن. ناھىيىدىن تۆۋەن بولغان ئاز
سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپ-
تونومىيىلىك جاي ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىش
بەلگىلەنمىگەن. ئاساسىي قانۇندا بۇ جايلاردا مىللىي يې-
زا قۇرۇش بەلگىلەندى. مىللىي يېزا بىر دەرىجىلىك مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جاي ئەمەس، ئۇنىڭ ئاپتونومىيە ھو-
قۇقىنى يۈرگۈزەلىشى ناتايىن. ئەمما ئۇ ئادەتتىكى يېزا -
بازارلاردىن پەرقلىنىدۇ، مىللىي يېزىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە مىللىي ئالاھىدى-
لىككە ماس كېلىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللانسا
بولىدۇ.

1954 - يىلى 9 - ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيى-
تىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە
يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي
قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاساسىي قانۇن ۋە تەشكىلىي قانۇنغا
ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلۇ-
تايلىرى ۋە خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرىنىڭ
لايىھىسىنى، ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ چىقتى ھەمدە مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ
تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئىجرا قىلدى. بۇ تەشكىلىي
نىزاملار ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىنى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرى-
جىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىنى تۈزۈملەشتۈرۈش
جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلار نىزام تۈزۈپ چىقىشتىن ئىل-
گىرى بۇ تەشكىلىي قانۇنلار مەلۇم دەرىجىدە ۋاقىتلىق ئاپ-
تونومىيە نىزامىنىڭ رولىنى ئويناپ، مىللىي تېررىتورىيى-
لىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش
ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە يەككە نىزاملىرىنى تۈزۈپ
چىقىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاپ بەردى.

1958 - يىلى 6 - ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان «مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چا-
رىسى» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسى-
دىكى مۇھىم بىر مەمۇرىي قانۇن - نىزام ھېسابلىنىدۇ.
20 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى
يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئۇنىڭ داۋاملىق ئىجرا
قىلىشقا بولىدىغان بەزى مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلۈپ مۇقىم-
لاشتۇرۇلدى.

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلى-
نىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمى يەنىمۇ راۋاجلاندى. 1958 - يىلىغا قەد-
ەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ،
ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، نىڭشىيادىن ئىبارەت تۆت
ئاپتونوم رايون، 29 ئاپتونوم ئوبلاست، 54 ئاپتونوم ناھىيە
(خوشۇن) قۇرۇلدى، شىزاڭ ۋە قىسمەن ئۆلكىلەردىن باشقا
ئومۇمەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
ۋە شەرتلىرى ھازىرلانغان جايلارنىڭ كۆپ قىسمىدا مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۇلۇغ
نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىمۇ ئەگرى - توقايلىقنى باش-
تىن كەچۈردى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي
گۇرۇھى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە ئېغىر
دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمىتىمىزدىمۇ
نۇرغۇن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلار كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت
قىلماسلىق — قوبۇل قىلىشقا ناھايىتىمۇ تېگىشلىك بولغان
ئاچچىق ساۋاقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مۇھىم
ئاچچىق ساۋاق — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئا-
لاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز بولۇش، خىزمەت-
تە ئادەتتىكىدەك بولۇش، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»
تىن ئىبارەت بولدى. بەزى جايلاردا خەنزۇلارنىڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىشى يېتەرسىز بولىدى، ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى چوڭ مىللەتلەر ئۆز

تېررىتورىيىسىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار
بېرىشمۇ يېتەرسىز بولدى. بۇ خىل ئەھۋال 1975 - يىلدىكى
ئاساسىي قانۇندا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. 1954 - يىل-
دىكى ئاساسىي قانۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن «ئاز سانلىق
مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش» نىڭ باش پرىنسىپلىرى
1975 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا چىقىرىپ تاشلىنىپ،
پەقەت «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلار»
دېگەن مۇشۇ سۆزلا ساقلىنىپ قالدى. 1954 - يىلدىكى
ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ شەكلى ۋە
ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىلىرى
چىقىرىپ تاشلىنىپ، «قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرى-
سىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزسە بولىدۇ» دېگەن مۇشۇ بىر
قۇرۇق سۆزلا كىرگۈزۈلدى. 1975 - يىلدىكى ئاساسىي
قانۇندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ياد-
روسى قىرقىپ تاشلاندى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن-
تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى ئېغىر بىر چېكىنىش ھېسابلىنىدۇ.

لىن بياۋ، جياڭچىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقى-
لابىي گۇرۇھ تارمار قىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمى قەدەممۇ قەدەم توغرا يولغا چۈشتى.
1978 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا گەرچە 1954 - يىلدى-
كى ئاساسىي قانۇنىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمى ھەققىدىكى بەزى تۈپ بەلگىلىمىلىرى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى كونكرېت تارى-
خىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن مۇكەممەل بولال-
مىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى-
دىن بويان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي مەسىلىدىكى

قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتلەردە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز ئازاد بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىر قانچە تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارار» دا: «ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پارتىيە ۋە دۆلەت سىياسىتىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش هوقۇقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم.» دەپ كۆرسەتتى. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمگە ئائىت بەلگىلىمىلىرى تارىختىكى ئاساسىي قانۇنلاردىن مۇكەممەل ۋە كونكرېت بولدى. ئۇنىڭدا 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ئاساس قىلىنىپ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى قوبۇل قىلىندى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىقى: دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇ-
غۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، 1982 - يىلىدى-
كى ئاساسىي قانۇندا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت
پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك خاراكتېرلىك ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇشنى ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئورۇن-
لاشتۇرۇشى ۋە باشقۇرۇشى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئۆز جايىنىڭ
مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى
ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش، مىللىي مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە رەتلەش، مىللىي
مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئوتتۇرىغا
قويۇلدى ھەمدە دۆلەت مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە
باشقا جەھەتلەردىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي
ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا
ياردەم بېرىدىغانلىقى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى
مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، ھەر خىل مەخ-
سۇس كەسىپ ئەھلىلىرىنى ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ
يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغانلىقى كونكرېت بەلگىلەندى.
بۇ بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىق-
تىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە،
كادىر ۋە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يې-
تىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى زور دەرىجىدە
كۈچەيتتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىس-
تىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە پۈتۈن مەم-
لىكەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى
كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. يېڭى ئاساسىي قانۇندا مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە

سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 6 - نۇۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ماقۇللىدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 3 - پاراگراف مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈم

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتىكى ئوبيېكتىپ ئاساس

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تۈپ نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمىگە ئايلىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئورتاق ئەمگەك قىلىشى، ئورتاق تۇرمۇش كۆچۈرۈشى، ئورتاق كۈرەش قىلىشى جەر-

يانىدا بەرپا قىلىنغان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى سەۋەب، ئالدى بىلەن بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىدا ياشاپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، قويۇق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئورناتتى. تارىختا گەرچە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق تالاش - تارتىش ۋە بۆلۈنۈش بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. بولۇپمۇ 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئورتاق ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ، باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىللىسىغا مىنىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك

ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قالاق، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە بىر دۆلەتنى دەسلەپكى قەدەمدە مىللەتلەر باراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلاشقان، ئورتاق گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ: «جۇڭگو دۇنيادىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى پارلاق مىللىي مەدەنىيەتنى ئورتاق ياراتقان بولۇپ، شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت» دەپ بەلگىلەندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى، ئورتاق مېھنىتى ۋە كۆرەشلىرى بولمىسا، مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنياغا داڭقى چىققان جۇڭگو بولمىغان بولاتتى. ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان، گۈللەنگەن، ئاۋات سوتسىيالىستىك جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن - ئاخىر بىردەك ئەتىۋارلىشى ۋە قوغدىشىنىڭ توپ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا: «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

يولغا قويۇلدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تە-
سىس قىلىنىپ ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈزگۈزۈلدۇ. مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ بەلگىلەندى.
مانا بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتتە تەرەققىيات قا-
نۇنىيىتىنىڭ يەكۈنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ
گەۋدىلىنىشى، ئۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى
ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش
جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئەمەلىي ئەھ-
ۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئۇزۇن مۇددەت ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە كۈرەش قىلىش
جەريانىدا، ئۆزىگە خاس جايلىشىش ئەھۋالى ۋە مىللىي
تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارتۇقچىلىقى دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ
مىللەتلىك، يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇشتەك ئالاھىدى-
لىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن
مۇددەت كۆچۈپ يۈرۈشى ئارقىسىدا، ئارىلىشىپ ئولتۇراق-
لىشىشتەك ھالەت پەيدا بولغان، خەنزۇلار بىلەن ئاز سان-
لىق مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپلا قالماستىن، ئاز
سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇ-
راقلاشقان، چوڭ جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇرغان جايلاردا
كىچىك جەھەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئول-
تۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ بار. بۇ ئالاھىدىلىك، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ سىياسىي، ئىق-
تىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاساسىنى يارىتىپ بەردى.

مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش— ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مىللىي ئېزىش تۈپتىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە دەرھال يوقىتىلمىغانىدى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق گۈللىنىش يولىغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەممۇ-قەدەم يوقىتىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە كۈرەش نىشانى. سوتسىيالىزم بولمىسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى مىللەتلەر چوقۇم بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

### 2. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەر-

تىنى ھازىرلاپ بەردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىيات مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىردىنبىر توغرا تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەردىن گەۋدىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتلەندۈردى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن تەۋرەنمەسكە بولمايدىغان پرىنسىپ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي ئاپتومىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بولغان مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈردى، بۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت مۇداپىئەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاغدۇرمىچىلىق سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىشقا، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق

ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. ئۇ مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزدىكى چوڭ ياكى كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەيدۇ. ئۇ، باراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلىشىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ

دائىـرىسى كـەڭ، بـايـلـىق مەنبەسى مول، ئەممـا ئـاـ
زادلىقتىن بۇرۇن بۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تـەرەققىياتى
ئىنتايىن تەكشىسىز ئىدى، ھەتتا ئوخشاش بىر مىلـلـەت
ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەـ
رەققىياتىدىمۇ پەرقلەر بار ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغـاندىن
كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونـلىرىـ
نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئـوخـشـاش
بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بـولـمىـغـان
ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچلارنى قوللىنىپ، ئىجتىمائىي ئىسـ
لاھات ئېلىپ باردى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى
ۋە خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئـارـ
قىسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئـۆزگەرـ
تىش ئىشى تاماملاندى. بۇ جايلار ئەسلىدىكى تەرەققىيات
باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قـەدەم قـويـدى،
ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتلـەردە غـايـەت
زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتـۈش كېـ
رەككى، نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىـقتىساد،
مەدەنىيەت جەھەتتە يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا، شـۇڭـا بـۇ
رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىـ
تىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى يـاخشى
ئېلىپ بېرىش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلـگىـ
رى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سـوتسىياـ
لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىـ
يالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مىللىي ئاپتونومىـ
يىلىك جايلارنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا

تايىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ
ئىجرا قىلىنىشى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىق-
تىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنى
كاپالەتلەندۈرۈشكە، دۆلەت، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار
ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت
مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە پايدىلىق. ئاساسىي قانۇن ۋە
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن
پرىنسىپلارغا ئاساسلانغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مالىيە، ئىقتىساد ۋە مە-
دەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئاپتونومىيە ھو-
قۇقىغا ئىگە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى
ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا رەھ-
بەرلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم. دەل شۇنداق
بولغاچقا، مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، ھەر مىللەت خەلقى سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا چو-
قۇم تېخىمۇ زور ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرىدۇ، دۆلىتى-
مىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ
ئەۋزەللىكى يەنىمۇ گەۋدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور ھا-
ياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل
يەكۈنلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ
پرىنسىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ھوقۇقىغا قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونومىيە
تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى

كاپالەتلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسى ۋە تەلىپى بولۇپ قالدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇن تۈپ ئاساس قىلىنىدى ھەمدە 30 نەچچە يىللىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە مىللىي قانۇن تۈزۈش خىزمىتى يەكۈنلىنىش ئاساسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەشكىللىنىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردىمى ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىمكانقەدەر كونكرېت ۋە مۇكەممەل بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ بەلگىلىمىلەر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تۈپ قانۇنىي كاپالەتتۇر.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈپ قانۇنى، ئۇ دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئومۇمىيلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ھەر قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە جاي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەك كونكرېت تۈزۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدا پەقەت پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر تۈزۈلۈشى مۇمكىن. ھەر قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ پرىنسىپال بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇندىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغىچە ۋە ئاپتونومىيە نىزامى ھەم يەككە نىزاملارغىچە بىر يۈرۈش سىستېمىلىق مىللىي قانۇن ـ نىزاملار شەكىللىنىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئىزچىل تەكىتلەپ ۋە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تۈپ پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندا، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاتقىلى بولىدۇ، ئۇ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە غايەت زور رول ئوينىدى ۋە ئوينايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا تۈزۈمدۇر.

# تۆتىنچى باب

# مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەشكىللەش

## 1-پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش پىرىنسىپى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى بەرپا قىلىشنىڭ تۆرلۈك تۈپ پىرىنسىپلىرى بېكىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بۇ تۈپ پىرىنسىپلار:

### 1. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئاساس قىلىش

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 12-ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەنىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، شۇ جايدىكى

مىللىي مۇناسىۋەتنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋە باشقا شارائىتلارنى ئاساس قىلىپ ھەمدە تارىخىي ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، بىر ياكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلغان ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلسا بولىدۇ» دېمەك، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپىدۇر.

دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزئارا بېقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ئايرىلماس بىر پۈتۈنلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى، چوڭ جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت، بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ شۇنداق، شىنجاڭدىمۇ شۇنداق. شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى؛ 40 نەچچە مىللەت ئولتۇراقلاشقان بىر ئاپتونومىيىلىك جاي، بۇنىڭ ئىچىدە 13 مىللەت بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسىدىن ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تەخمىنەن بەش مىليون 957 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئاھالىسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ،

ئـۇيـغـۇرلار ئـاساسەن جـەنۇبىـي شىنجاڭغا مەركـەزلەشـ
شىپ ئولتۇراقلاشقان. قازاقلار 903 مىڭ 370 بولـۇپ، ئاـ
ساسەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق شىمـالىي
شىنجاڭدىكى تىيانشان تاغلىرى ئەتراپىغا توپلىشىپ ئولـ
تۇراقلاشقان. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلـەردىن خـۇيـزۇ،
موڭغۇل، قىرغىز، شىۋە، تاجىك، ئۆزبېك، مـانـجـۇ، رۇس
قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ئولتۇراقـلاشـ
قان خەنزۇلار بەش مىليون 286 مىڭ 533 كە يېتـىـدۇ.
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقـ
لىشىش، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى دۆلـىتـىمىزـ
دىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ جەھەتـتىن ئـارىلىـ
شىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئـولـ
تۇراقلىشىش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ،
دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنىڭ كىـ
چىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئاساسىي قـانـۇن
ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا دەل دۆـ
لىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالـى ئـاسـاس
قىلىندى. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللـەتلـەر
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيىنى يـولـغـا
قويۇش تەكىتلەندى، بۇنىڭ بىلەن، توپلىشىپ ئـولتـۇراقـ
لاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر دەرىـجىلـىـك
ئاپتونومىيە ئورۇنلىرىنى شەكىللەندۈرگەندە، ئاپتـونـومىيىـ
لىك جايلارنى بەرپا قىلىش، ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس
قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش كاپالەتكـە ئىگە
قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانـۇن ۋە مىلـ
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاز سانلـىـق
مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى مەلـۇم جاي

دائىرىسىدىكى ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىمۇ تەكىتلەندى. چۈنكى دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن مەلۇم ساندىكى خەنزۇلارمۇ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيە چوقۇم تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىشى لازىم، مەلۇم دائىرىدىن چەتنەلەپ كەتكەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىنى ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. مەلۇم دائىرىدىن چەتلەش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكىمۇ پايدىسىز.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل بولدى:

بىرىنچى، بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايىنى ئاساس قىلىپ بەرپا قىلىنغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي. مەسىلەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى (ئۇ ئاساسەن زاڭزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي)، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، چوڭراق بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئاساس قىلىنغان ھەمدە بىر ياكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. بۇ رايوندا ئۇيغۇر مىللىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت

نوپۇسى ئىچىدە تەخمىنەن 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيـ
دۇ. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە يەنە بەزى ئاپتونوم ئوبـ
لاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرمۇ بار.

ئۈچىنچى، ئىككىدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇ-
راقلاشقان جاينى ئاساس قىلىپ، بىر نەچچە ئاز سانلىق
مىللەت بىرلىشىپ بەرپا قىلىنغان ئاپتونومىيىلىك جاي.
مەسىلەن، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇڭخې خانىزۇ - يىزۇ
ئاپتونوم ئوبلاستى، يۈەنجياڭ خانىزۇ - يىزۇ - دەيزۇ مىلـ
لىي ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىقلار. ئوخشاش بولمىغان
خىلدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى بۇ مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىشتا، ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئاساس قىلىنـ
غان بولۇپ، بۇلار دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ
ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس
ئەتتۈردى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايـ
سى مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا،
ئالاھىدە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرگەنلىكتىن،
ئۆزئارا ئالاقىلىشىش بارلىققا كەلگەن، ئەگەر بۇ تارىخىي
ۋە رېئال مىللىي مۇناسىۋەتتىن چەتلەپ كېتىلسە، مۇئەيـ
يەن تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيىنى بەرپا قىلغىلى
بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى مىللەتلەر بىر
جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە شەكىللەنگەن، بۇ
خىل ئالاقە ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە
تۇرمۇش جەھەتتە ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرغان،
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشى بۇ خىل پۈتۈنلۈككە ئېھتىياجلىق. بۇ خىل ئالاقە

ۋە ئېھتىياجنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەندە، گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم ساندىكى خەنزۇلارمۇ ئولتۇراقلاشقان، بەزى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەنزۇلار شۇ جايدىكى نوپۇسنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق جايلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدىكى بىر ئارتۇقچىلىقتۇر. بۇنىڭدىن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس يېقىن ئالاقىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئايرىلالماسلىقىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ھەم دۆلەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەم مەزكۇر جايدا ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايى دېيىلىدۇ. ئۇ بىر ـ ئىككى مىللەتنىڭلا ئاپتونومىيىلىك جايى ئەمەس. بۇ نۇقتىنى بىلىۋېلىش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، دۆلەت ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

دۆلىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، شۇڭا قۇرۇلغان بۇ مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تېررىتورىيە جەھەتتە جانلىقلىقىغا، شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە. بىرەر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايى ئوخشاش بولمىسا، شۇ ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئايرىم-ئايرىم هالدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ھەر قايسى رايونلاردىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى پەرقلىق بولسا، ئايرىم - ئايرىم هالدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئاپتونومىيىلىك جايىنى بەرپا قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىمكانقەدەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان هالدا باشقۇرۇش هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. تولۇق كېڭىشىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىشتا، يەنە ھەر قايسى مىللەتلەر تولۇق كېڭىشىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى، رايون چېگرىسىنىڭ ئايرىلىشىنى، نامىنىڭ تۈزۈلۈشىنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئالاقىدار يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ، ئۇنى بەلگىلىگەن تەرتىپ بويىچە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ.» مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەرپا قىلىنىشى دۆلەت

ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا
بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باش-
قۇرۇشقا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ھەر بىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتى-
گە زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنى بەرپا قىلىشقا ئالاقىدار بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەر
توغرىسىدا، چوقۇم شۇ جايدىكى ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ ۋە-
كىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئال-
غاندىن كېيىن، ئاندىن ئورتاق بېكىتىش كېرەك. ئۇنى ئىش-
قا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆ-
لەت ئورگانلىرى بىلەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى قايسى
دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بەرپا قىلىش
ھەققىدە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ
پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، بىر ياكى بىر نەچچە لايىھەنى تۈ-
زۈپ چىقىش، ئاندىن مۇشۇ ئاساستا ھەر قايسى مىللەتلەر-
دىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش كېرەك. چۈنكى مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلاردا بىر قانچە مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئوخشاش بولمىغان مىل-
لەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ
ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشقا چېتىشىدۇ، ئەگەر
ھەر قايسى مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ تولۇق كېڭىشىشى يولغا
قويۇلمىسا، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇر-
غىلى بولمايدۇ؛ تولۇق كېڭىشىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر-
لەشكەندىلا، ئاندىن مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكىلى، بىر
ياقىدىن باش چىقىرىپ ئاپتونومىيىلىك جاينى بىرلىكتە
بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ،

زورلاپ بىرلەشتۈرۈلسە، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى-
لىغىلى بولمايدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۈرلۈك خىز-
مەتلىرىنىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەقسىتىنى قانداق قىلغاندا ئە-
مەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ تارىخىي تەجرىبىلەر بىزنى نا-
هايىتى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، مەسىلەن، گۇاڭ-
شي جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بەرپا قىلىنىشى هەر قاي-
سى مىللەتلەر ئەنە شۇنداق تولۇق كېڭەشكەنلىكىنىڭ ئۈل-
گىسىدۇر. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنى بەرپا قىلىش
نۇرغۇن مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشاتتى، ئۇ يالغۇز
جۇاڭزۇ مىللىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى مياۋزۇ، ياۋزۇ، دۇڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ خەنزۇ، جۇاڭزۇ-
دىن ئىبارەت ئىككى مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاپ-
تونومىيىلىك جاينى ياخشى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇ-
يۈەن گۇاڭشى ئۆلكىسى ۋە گۇاڭشىدىكى هەر قايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇش،
ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ تېررىتورىيە چېگرىسىنى ئايرىش،
ئاپتونوم رايوننىڭ نامىنى بېكىتىش ۋە ئورگان تەشكىللەش
قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا قايتا-قايتا تو-
لۇق كېڭىشىپ، ئەڭ ئاخىرى بىردەك پىكىرگە كەلدى. ئە-
مەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق قىلىش پارتىيىمىزنىڭ مىل-
لىي مەسىلىنى هەل قىلىشتىكى توپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن
بولۇپ، ئۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ توپ پرىنسىپلى-
رىنى گەۋدىلەندۈردى. دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىشتىمۇ مۇشۇ پرىنسىپ

ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بۇ، دېموكراتىك-مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جەھەتتىن گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئاپتونومىيىلىك جايلارنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلاش — ئاساسىي قانۇن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا تەۋە ئىشتۇر. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلارنى تەسىس قىلىشتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئايرىش ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرلەرنى تەسىس قىلىشتا ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئايرىشتا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش، تېررىتورىيە چېگرىسىنى ئايرىش ۋە نامىنى بېكىتىش قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى، بۇمۇ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە قانۇنچىلىق پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تېررىتورىيە چېگرىسىنىڭ نىسبىي مۇقىم بولۇشى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگرىسىنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىنى ساقلاش — ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم پرىنسىپتۇر.

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئاساس قىلىنىپ بەرپا قىلىنغان، مەلۇم تېررىتورىيە چېگرىسى بولمىسا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تېررىتورىيە دائىرىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ بىر تۈپ ئامىلىدۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگرىسىنى خالىغانچە ئايرىشقا بولمايدۇ، ئۇ شۇ جايدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە تارىخىي ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگرىسىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىش — مىللىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز، شۇنداقلا ئۇنداق قىلىش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ. لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇلار ئاپتونومىيىلىك جايلارنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇردى. مەسىلەن، يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ نۇجياڭ، دېچى، دېخۇڭ، شىشۇاڭبەننادىن ئىبارەت تۆت ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى ئۈچ ئايماقنى، غەربىدىكى ئۈچ خوشۇننى ئەتراپتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا قوشۇۋەتتى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۇگۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنى بىر نەچچە ناھىيىگە بۆلۈپ بېرىۋەتتى، نەتىجىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلىندى،

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىندى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا زىيان يەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى، تېررىتورىيە چېگرىسىنىڭ ئايرىلىشى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېكىتىلگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا تارىختىكى تەجرىبە ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، تېررىتورىيە چېگرىسىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ. ھەمدە ئۇنى گوۋۇيۈەنگە يوللاپ تەستىقلىتىدۇ» دەپ ئالاھىدە بەلگىلىگەن. بۇ بەلگىلىمە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈردى، ئەگەر ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيىلىك چېگرىسى قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزۈلمەي خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىلسە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

ئەلۋەتتە، ھەر قانداق شەيئىنى مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگرىسىدىمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش

قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بەزى ئۆز-
گىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. تېررىتورىيە چېگرىسىنىڭ مۇ-
قىملىقىمۇ نىسپىي بولىدۇ، ئەگەر دۆلەتنىڭ
ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە
چېگرىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئورتاق ئېھتىياجى تۇغۇلسا، بىر
تەرەپتىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالا-
قىدار تارماقلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تولۇق كېڭىشىشى كېرەك، بۇن-
داق قىلغاندا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيە چېگ-
رىسىنى ئۆزگەرتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى كاپالەت-
لەندۈرگىلى بولىدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتى-
گىمۇ زىيان يەتمەيدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن-
لۇق ھوقۇق مەنپەئىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن، تېررىتورىيە چېگرىسىنى ئۆزگەرتىش دۆلەت-
نىڭ مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىش ئىشىغا چېتىشىدۇ. شۇڭا
ئۇنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

### 4. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامى مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە تۈزۈلىدۇ

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامىنىڭ تەرتىپى
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە
ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت يەرلىك ھاكىمىيىتى ئىچ-
دىكى مەمۇرىي ئورنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلىرىنىڭ نام تەرتىپىنىڭ پرىنسىپى توغ-
رىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ نامى ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

يەر نامى، مىللەت نامى، مەمۇرىي ئورۇن تەرتىپى بويىچە تۈ-
زۈلىدۇ» دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنىڭ
ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، ئوخشاش بىر ئاز سانلىق مىل-
لەت بىر نەچچە يەردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدۇ. مەسى-
لەن، زاڭزۇلار شىزاڭدىن باشقا يەنە گەنسۇ، چىڭخەي، سى-
چۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە ئاپتونومىيىلىك جاي بەرپا قىلدى.
يەر نامىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تىررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇن-
داقلا مىللىي تىررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى
گەۋدىلەندۈرىدۇ. مىللىي تىررىتورىيىلىك جايلارنىڭ نامى-
غا كەلسەك، يەر نامى ئارقىسىغا مىللەت نامى قويۇلىدۇ،
بۇنىڭدىن شۇ مەمۇرىي رايون ئىچىدە قايسى ئاز
سانلىق مىللەت ياكى قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ تىررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى يولغا قويۇ-
لۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇ-
رىدىغان ھوقۇقى بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇ-
راقلىشىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، يولغا قويۇلغان
ئاپتونومىيە شەكلىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى ئاپتونوم
رايون، بەزىلىرى ئاپتونوم ئوبلاست، بەزىلىرى ئاپتونوم
ناھىيە. بۇ ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئاپ-
تونومىيىلىك جايلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆ-
لەت ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى مەمۇرىي ئورۇنىنىڭ ئوخشاش
ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر مەمۇرىي ئورنىنى ئې-
نىق بىلدۈرمىگەندە، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي
ئورنىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جاي ئەنە شۇ يۇقىرىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نام تەرتىپىنىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلگەن. «شىنجاڭ»، «ئىلى»، «يەنجى» دېگەنلەر يەر ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ، «ئۇيغۇر»، «قازاق»، «خۇيزۇ» دېگىنىمىز ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ، «ئاپتونوم رايون»، «ئاپتونوم ئوبلاست»، «ئاپتونوم ناھىيە» دېگىنىمىز، يۇقىرىقى ئۈچ مىللەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلاردا مەمۇرىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمما بەزى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامىغا پەقەت يەر نامى، مەمۇرىي ئورنىلا يېزىلىپ، مىللەت نامى يېزىلمىغان، مەسىلەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى. چۈنكى بۇ ئىككى جاينىڭ نامى مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش بولمىغاچقا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نامىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. شۇڭا مىللەتنىڭ نامىنى قوشۇپ يېزىش ھاجەتسىز بۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن روھ ۋە پرىنسىپ بىلەن بىردەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، «ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا» دەپ بەلگىلەندى. بۇ يەردە دېيىلگەن ئالاھىدە ئەھۋال — ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئالاھىدە نامىنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەت تۈپەيلىدىن، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئاتالغۇ شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم

ئوبلاستى، «شىنشۇاڭبەننا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 12 مە-
ھۇرى ئورۇن دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، ئىچكى
موڭغۇلنىڭ ئاپتونوم خوشۇنى. «خوشۇن» مىللىي ئەنئەنە ۋە
ئۆرپ-ئادەت بويىچە قويۇلغان نامدۇر. مىللىي تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇنداق بەلگىلەشمۇ ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئەنئەنىسىگە ۋە ئۆرپ-ئادەتلى-
رىگە دۆلەتنىڭ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەن-
دۈرۈشنى، شۇنداقلا مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاق-
لىق روھىنى نامايان قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي قانۇنىڭ بەلگىلىمىسىگە
ئاساسلانغاندا، مىللىي يېزىلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي
ھېسابلانمايدۇ. ئەمما مىللىي يېزىلار ئادەتتىكى يېزىلاربى-
لەنمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگى-
لەندى: «مىللىي يېزىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قانۇندا بەلگى-
لەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە مىللىي ئالاھىدىلىككە
ماس كېلىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ.»
گوۋۇيۈەن مىللىي يېزىلار قانۇن ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمى-
لەر بويىچە ئۆز جايىنىڭكونكرېت ئەھۋالىغا ۋە مىللىي ئا-
لاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىگە ئا-
ساسەن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە قاتار-
لىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدىغانلىقىنى بەلگى-
لىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گوۋۇيۈەن يەنە مىللىي يېزىلارنىڭ
نامى، يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى
سەپلەش، ئۆز تىل-يېزىقلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق مەسى-
لىلەرگە نىسبەتەن كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. بۇن-
داق قىلىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇ-
قىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇ جايلارغا

بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىگە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا نىسبەتەن پۈتۈنلەي زۆرۈر. مىللىي يېزىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىدىكى مۇھىم تولۇقلىما ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ بىر ئالاھىدىلىك. ئەمما مىللىي يېزىلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس. مىللىي يېزا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ، ئۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

## 2- پاراگراف ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دېگىنىمىز، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يۇقىرىقى ھوقۇقلۇق ئورگان ۋە مەمۇرىي ئورگاندىن باشقا، باشقا ئورگانلار ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ھەمدە ئۇلار ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھېسابلانمايدۇ.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىردەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بولۇپ، ئۇ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەم بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى، ھەم ئاپتونومىيە ئورگىنى بولغاچقا، ئۇ ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئورتاقلىققىمۇ ئىگە، خاسلىققىمۇ ئىگە. بۇ خىل ئورتاقلىق ۋە خاسلىق تەشكىلىي پرىنسىپتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەم ئوخشىشىدىغان تەرىپىمۇ بار، ھەم ئوخشىمايدىغان تەرىپىمۇ بار.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋە فونكسىيىسى ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئوخشاش. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ. دېمەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئادەتتىكى دۆلەت يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن سىنىپىي خاراكتېر، تەشكىلىي پرىنسىپ، سىياسىي شەكىل، فونكسىيىلىك رولى قاتارلىق جەھەتلەردىن ماھىيەتلىك پەرقى يوق. ئەمما مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونومىيە ئورگىنى بولغاچقا، ئۇنى تەشكىل قىلىش جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا

قويغانلىقىنى ۋە مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلىش جەھەتتە كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى.

**1. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىللىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش**

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدا ئومۇمەن مىللىي تەركىب ناھايىتى مۇرەككەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كۆپىنچە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مەلۇم ساندىكى خەنزۇلارمۇ ئولتۇراقلاشقان. كۆپ ساندىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ شۇ جايدىكى ئومۇم نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئازراق. بۇنداق ئاپتونومىيىلىك جايلاردا، شۇ جايدىكى مىللىي تەركىبنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە تارىخىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگىنى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىللىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلىشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشىگە پايدىلىق. قانۇن جەھەتتىن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىللىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھەقتە مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىلىدىن باشقا، شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندىكى ۋەكىلى بولۇش لازىم». ئۇنىڭدا يەنە: تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلىنىڭ سان ۋە نىسبىتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى بېكىتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1982-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنىدا: توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدىكى ئوخشاش بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانى شۇ جايدىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 15 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى ئىگىلىگەن بولسا، ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەربىر ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانىغا باراۋەر بولۇشى كېرەك. توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدىكى ئوخشاش بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانى شۇ جايدىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 15 پىرسەنتىگە يەتمىسە، ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانىدىن يېرىم ھەسسە ئاز بولسا بولىدۇ. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاھالىسى بەك ئاز بولغان ئاپتونوم ناھىيىلەردە، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارى ئارقىلىق، يېرىم ھەسسە-
دىنمۇ ئاز بولسا بولىدۇ. ئاھالىسى بەك ئاز بولغان مىل-
لەتلەرنىڭمۇ ئاز دېگەندە بىردىن ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.
بۇ بەلگىلىمىلەر ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئىچىدىكى تېگىشلىك ۋەكىللىك-
لىكىنى قانۇن جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتلەندۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى مىسالغا ئالساق، 1953-
يىلى 10-ئايدىلا شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى بەرپا بولۇشقا باشلىغان. ئىل-
گىرى-كېيىن بولۇپ، تاجىك، شىۋە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
ئالتە ئاپتونوم ناھىيىسى، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز
قاتارلىقلارنىڭ بەش ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. 1955-يى-
لى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
قۇرۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى
دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشىنىڭ يې-
ڭى باسقۇچى باشلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي
جەھەتتىكى بىردەك باراۋەرلىكى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىكتىكى ھوقۇقلۇق ئورگىنى، ئاپتو-
نومىيىلىك جايلاردا ئۇ يەنە ئاپتونومىيە ئورگىنى ھېساب-
لىنىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ساي-
لاپ چىقىپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە مەنپەئىتىنى ئىپادىلەيدۇ.
ئاپتونوم رايوندىن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان 50 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ۋەكىلى 64.01 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە
ئۇيغۇر 41.22 پىرسەنتىنى، قازاق 9.52 پىرسەنتىنى، خۇيزۇ
5.95 پىرسەنتىنى، باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى
7.32 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 89 ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە،
شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارى-
غاندا، 1984-يىلىدىكى ناھىيە، يېزىلارنىڭ بىۋاسىتە ساي-
لىمىدا جەمئىي 15834 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئاپ-
تونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 45.9 پىرسەنتىنى ئىگە-
لەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى 45.2 پىرسەنت بولغان،
پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 39.8 پىرسەنتى-
نى ئىگىلەيدىغان خەنزۇلارنىڭ ۋەكىلى 30.3 پىرسەنت بول-
غان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 7.2 پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيدىغان قازاقلارنىڭ ۋەكىلى 11.8 پىرسەنت
بولغان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 4.4پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيدىغان خۇيزۇلارنىڭ ۋەكىلى 6.4 پىرسەنت
بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 0.9پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيدىغان موڭغۇللارنىڭ ۋەكىلى 2.1 پىرسەنت
بولغان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 0.9پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋەكىلى 1.8 پىرسەنت بولغان. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىكلى-
كىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى
چىقىش قىلىپ، يەرلىك قانۇن-نىزاملار تۈزۈلىدى. شىن-
جاڭدىكى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ
ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ

خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىلى ئاران شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20 پىرسەنتىگە ۋەكىللىك قىلغان. بۇ سان مۇشۇ ئاپتونوم ناھىيىلەر قۇرۇلغان ۋاقىتتىكىدىن نۇرغۇن تۆۋەنلەپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىنمۇ يېرىم ھەسسىدەك تۆۋەنلەپ كەتكەن، بۇ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، 1984-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-قېتىملىق يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بىۋاستە سايلامنى يولغا قويۇشىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»نى ماقۇللىدى، بۇ تەپسىلىي پرىنسىپنىڭ 8-ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ئاپتونوم ناھىيىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتمىسە ياكى شۇنىڭغا يەتسىمۇ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكى نىسبەتتىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ھەر بىر ۋەكىلىنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەم سانىنى مۇۋاپىق ئازايتىشقا بولىدۇ.» ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيىلەردىكى، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردىكى، شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئايرىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىل سانى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن

ئەھۋالغا قارىتا، تەپسىلىي پرىنسىپنىڭ 19 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىل سانىنىڭ مەلۇم ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن خېلى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق تەڭشەشكە بولىدۇ.» بۇ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، نوپۇسى نىسبەتەن ئازراق بولغان مىللەتلەرنىڭ مەلۇم ساندا ۋەكىلى بولۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ جايغا نىسبەتەن نوپۇسى كۆپرەك بولغان مىللەتنىڭ ۋەكىل سانى مەلۇم نىسبەتتە قىسقارتىلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىللىكلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە ھەر قايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئۇسۇلنىڭ باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ماس كېلىشى ناتايىن. ئەمما ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىللىكلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە، ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق پرىنسىپىنى تولۇق نامايان قىلغىلى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**2. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي تەركىبى**

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي تەركىبى دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە قانۇن تۈزگەندە مۇناسىپ بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى. 1949-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ھەر قايسى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىچىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەلۇم ساندىكى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.» 1952-يىلى دۆلەت ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت خادىملىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا تەشكىللىنىشى

لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.» دۆلىتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇنلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي تەركىبى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.» بۇ بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇنىي جەھەتتىن ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرىدۇ.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىشى ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تېز ئۆسۈپ يېتىلدى، بولۇپمۇ

كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، پۈتۈن
نىيەت-پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن
ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
مىللىي كادىرلار ئىچىدىكى تايانچىلاردىن بولۇپ قالدى،
بۇ ھال مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇ-
شىمىزنى تېخىمۇ ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. مەم-
لىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم رايون، 31 ئاپتونوم ئوبلاست،
86 ئاپتونوم ناھىيىدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كو-
مىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقرالىرى-
دىن ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار
بار. ئاپتونوم رايونلارنىڭ رەئىسلىكىنى، ئاپتونوم ئوبلاست-
لارنىڭ باشلىقلىقىنى، ئاپتونوم ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىقى-
نى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت
پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىز-
چىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە
تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرى-
ۋاتىدۇ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن مۇ-
نەۋۋەر ياش كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇن-
لىرىغا ئۆستۈرۈلدى. مانا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئاپتونوم رايونلاردىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ۋە ئۆز مىللى-
تىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى
تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەنلىك. 1984 - يىلىنىڭ
ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم

رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 192 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكى سانىنىڭ 4.1 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەخسۇس كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 1955-يىلىدىكى 2مىڭ400 دىن كۆپرەك كىشىدىن كۆپىيىپ، 1984-يىلى 115 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 46.9 ھەسسە ئاۋىستى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى مەخسۇس كەسپىي، تېخنىكا خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايوندىن ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىگىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىق ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەئىسلىك، ئوبلاست باشلىقلىق، ھاكىملىق ۋەزىپىلىرىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى ئۈستىگە ئالدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 92 ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 84 نەپەر بولۇپ، 91.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ تايانچ كۈچىدۇر، ئۇلار خەنزۇ كادىرلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرماقتا.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى شۇ جايدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەڭ پىششىق بىلىدۇ، ئۇلار رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى شۇ جايدىكى ھەر

مىللەت خەلقى يېقىنلىشىدىغان، چۈشىنىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان ھاكىمىيەت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، قايسىبىر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بولمىسۇن، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقرالىرىدىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇزۇشتىكى مەقسەت، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مىللىي تەركىبى**

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مىللىي تەركىبى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي

قانۇن ۋە قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا، ئالدى بىلەن كەڭ كادىرلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تايىنىلىدۇ، بۇ خىل تىرىشچانلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، غايەت زور ماددىي كۈچ بارلىققا كېلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشىدا، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولمىسا بولمايدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، شۇنداقلا ئاپتونومىيىلىك ئورگان ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا قاراشلىق تارماقلاردا خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار ئىمكانقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولۇشى كېرەك.» بۇ بەلگىلىمە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەشكىلىي جەھەتتىن يەنىمۇ كاپالەتلەندۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى 60% تىن،

كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق تارماق-
لاردا خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگى-
لەيدۇ، بەزى ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خە-
لق ھۆكۈمەتلىرىدە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلاردا ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى خېلى كۆپ. ئاپتو-
نوم رايون ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش
ۋە ئىشلىتىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولى بارغانسېرى چوڭ بولغۇسى.

ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي كادىرلار شۇ يەر-
دە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسكەن، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت
خەلقى بىلەن تەبىئىي ئالاقە ئورناتقان، ئۇلار ئۆز مىللى-
تىنىڭ تىل-يېزىقىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، تارىخىنى پىش-
شىق بىلىدۇ، ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى چۈشىنىدۇ، ئۇلاردا
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆز-
گەرتىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ بار، مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈش، بېيىتىشتىن ئىبارەت قات-
تىق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بار. ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرىدا مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ئەخلاقلىق، ئىختىساسلىق،
ئەستايىدىل، ئىشچان مىللىي كادىرلار بولغاندىلا، ئاپتونو-
مىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىن-
قىلابىي ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ،
ئۇلارنى تەشكىللەپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈپ بېيىتقىلى، تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

# بەشىنچى باب

# ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى

## 1- پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇم

ئاپتونومىيە ھوقۇقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئىبارەت مۇشۇ پەننىڭ تۈپ كاتېگورىيىسىدۇر. بۇ كاتېگورىيە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئىبارەت مۇشۇ پەننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاچقۇچنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار

ئاپتونومىيە ھوقۇقى دېگىنىمىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە، ئۆز جاي، ئۆز

مىللەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۈچ ئامىل ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك: ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سۇبيېكتى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي مەزمۇنى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئوبيېكتى. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ ھەممىسىدە ئېنىق ھەم قاتتىق ئىچكى بەلگىلىمە خاراكتېر بار. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 115-ماددىسى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 4-ماددىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنىلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنى ياكى باشقا غەيرىي ئاپتونومىيە ئورگىنى بۇ خىل سۇبيېكتلىق رولغا ئىگە بولالمايدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي مەزمۇنى ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا ئېنىق بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىز يۇقىرىقى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئوبيېكتى پەقەت ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىچىدىكى ئىشلاردىنلا ئىبارەت. بۇ ئۈچ ئامىل ئۆز ئارا بىر-بىرىگە باغلانغان، ئۆز ئارا سىڭىشكەن، بۇلار مۇكەممەل قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاپتونومىيە ھوقۇقى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ،

ئۇنىڭ ماھىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت قانۇنىي ئورنىنى تىكلەشتۇر.

## 2. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە روشەن ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە.

1) قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى بىردەكلىك.

ئاپتونومىيە ھوقۇقى قانۇندا بەلگىلەنگەن بىر خىل ھوقۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلار دائىرىسىدىكى ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ 112-ماددىسىدىن 122-ماددىسىغىچە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 19-ماددىسىدىن 45-ماددىسىغىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنلىرى بەلگىلەندى. بۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا تۈپ قانۇنلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار بەرگەنلىكىنى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلار بەرگەندىن تاشقىرى ھوقۇقنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ بۇنداق ھوقۇققا ئىگە بولالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھوقۇقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى بىردەكلىك دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقى ۋە دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىردەكلىكى

بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىل-
لەتلىك دۆلەت ئەھۋالىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق جەھەتتىكى
ئىنكاسى.

2) قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق شەكلىنىڭ ئىجادچان-
لىق خاراكتېرى.

ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئىجادچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە
بىر خىل ھوقۇق شەكلىدۇر. ئۇنىڭدا جاھانگىرلىكنىڭ «بۆ-
لۈپ باشقۇرۇش» نەزەرىيىسى تۈپتىن ئىنكار قىلىنىغان،
لېنىن بەلگىلىگەن «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگى-
لەش ھوقۇقى» پرىنسىپىمۇ ئاددىي ھالدا ئەينەن كۆچۈرۈپ
كېلىنمىگەن. ئۇ دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات
ئەھۋالى، تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە رېئال شەرت-شارائىتى
ئاساس قىلىنىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ قانۇنىي ھوقۇق نەزەر-
يىسىنى ئىجادچانلىق بىلەن قوللانغانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.
قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇ خىل ھوقۇق شەكلى دۆلىتىمىزنىڭ
قانۇنچىلىق تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا قانۇنچىلىق
تارىخىدىمۇ تۇنجى ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ.
دۆلىتىمىزدە ئاپتونومىيە ھوقۇقى جەھەتتە «مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى» شەكلىنى قوللىنىشتىكى
سەۋەب، بۇ خىل شەكىل دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا، دۆلىتى-
مىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ،
ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ بۇ خىل شەكىلنى قىزغىن قوبۇل
قىلىدۇ. بۇ خىل شەكىل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بىر قىسىم
شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى قوللانغان «مىللەتلەر ئۆز تەق-
دىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» شەكلىدىنمۇ روشەن پەرق-
لىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتى-
كى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى بىلەنمۇ

ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە هوقۇق شەكلىنىڭ ئىجادچانلىق خاراكتېرى دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، مۇكەممەل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىستېمىسى شەكىللەندى.

3) قانۇندا بەلگىلەنگەن هوقۇق دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى:

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى گەرچە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش هوقۇقىغا، تاشقى ئىشلار هوقۇقىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئاپتونومىيىلىك هوقۇق دائىرىسىنىڭ تار ئىكەنلىكى چىقمايدۇ، ئەكسىچە، دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بەرگەن ئاپتونومىيە هوقۇقى ئىنتايىن كەڭ. ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ كەڭلىكى ئالدى بىلەن قانۇن ماددىلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى جەمئىي 67 ماددا بولۇپ، ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە باشقا بابلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە هوقۇقىدىن باشقا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ هوقۇقى دېگەن مۇشۇ بىر بابتىلا 27 ماددا بار. بۇ پۈتۈن ماددىلارنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. دەرۋەقە، ئاپتونومىيە هوقۇقى ماددىلارنىڭ مەزمۇنىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايان بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى توغرىسىدىكى بىر قاتار بەلگىلىمىلىرىدە، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مالىيە، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق هوقۇقلاردىن باشقا، يەنە تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردىكى

ھوقۇقلارمۇ بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ كەڭلىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقى ۋە راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ تەڭداشسىز ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرىدۇ.

4) قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەزمۇنىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقى.

ئاپتونومىيە ھوقۇق مەزمۇنىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇكى، بۇ ھوقۇقنىڭ مەزمۇنلىرى كاپىتالىستىك قانۇندىكى مىللىي ھوقۇق مەزمۇنىنىڭ ساختىلىقى بىلەن ئېنىق سېلىشتۇرما شەكىللەندۈرگەن. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەزمۇنىنىڭ ساختا بولىدىغانلىقىنى كاپىتالىزمنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ماھىيىتى، يەنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى بەلگىلىگەن. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە گەۋدىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قانۇن تۈزۈش تەرتىپى كۆپ قېتىم ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش جەريانىنى بېسىپ كەچۈرگەن، شۇڭا ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى بىلەن ماسلىشالايدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشى قانۇن تۈزۈش قاتلىمى جەھەتتە، ئەڭ ئالىي قاتلامدىكى ئاساسىي قانۇن ۋە ئىككىنچى قاتلامدىكى تۈپ قانۇنلار ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەڭ ئالىي قاتلامدىكى ئاساسىي قانۇندا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن، ئىككىنچى قاتلامدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنلىرى تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە كونكرېتلاشتۇرۇلغان، مانا بۇلار قانۇن ماددىسىنىڭ ئابستراكتلىقىنى ۋە ئېلاستىكلىقىنى ئازايتتى. ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەشتە، ھوقۇقنىڭ ئۆزىلا نوقۇل ھالدا بەلگىلەنمەستىن، بەلكى مۇناسىپ ھالدىكى ساقلاپ قېلىش خاراكتېردىكى ماددىلارمۇ بەلگىلەندى، ھەر بىر ھوقۇقنى شەكىلدىن مەزمۇنغىچە، سۇبيېكتىپ ئارزۇدىن ئوبيېكتىپ يولغا قويۇشقىچە زىچ بىرلىشىپ، ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

## 2 — پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى — تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدۇر. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ بۇ خاراكتېرى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مۇشۇ ھوقۇقنىڭ قانۇنىي

ئورنىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇش قانۇنىدۇر. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ بۇ خاراكتېرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەممە ماددىلىرىغا سىڭگەن، ئەمما ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ:

### 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمى

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ». بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بارلىق ھوقۇق ئەلۋەتتە مىللىي تېررىتورىيە يولغا قويۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىر ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كونكرېت گەۋدىلىنىشى. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، مۇشۇ دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىر ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ تەبىئىي ھالدا سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ يەردە دېيىلىدىغان دۆلەت ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى — خەلقمۇ ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە

مەنسۇپ، دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇ خەلقىگە ئوخشاشلا پۈتكۈل دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئىگىسى، يەنە كېلىپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئالاھىدە ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولىدىغان ھوقۇق ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ.

## 2. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلىتىمىزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ئورگانلىرىدۇر. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، قانۇن بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ بىر قاتار بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى پۈتكۈل دۆلەت ئورگانلىرىغا ئوخشاشلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئارزۇسىغا ۋە مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت ئورگانلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئورگانلار ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، تەبىئىي ھالدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىدە، سوتسىيالىزم نىشانىدا ۋە يولىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى مۇشۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇ، مۇشۇ پرىنسىپنىڭ قانۇن جەھەتتىكى كونكرېت قوللىنىلىشى ۋە جانلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە چوڭقۇر سازاۋەر بولدى.

### 3. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىدىكى بىر زور تەرەققىياتتۇر

ماركسىزم دېموكراتىيە ئۈستىقۇرۇلمىغا مەنسۇپ، ئۇ تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي بازىس، بۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتىنى، يەنى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ سوتسى-

يالىستىك دېموكراتىيە ھوقۇقىغا مەنسۇپ، يەنە كېلىپ
ئۇ مۇھىم بىر خىل سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ھوقۇقى
ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ماھىيەتتە ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللى-
تىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھال-
دا باشقۇرۇش ھوقۇقىدۇر. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي
شەكىل ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ قانۇنلىشىش جەريانى ھېساب-
لىنىدۇ، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ساھەسىگە قاراپ چوڭ
بىر قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ دۆ-
لىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ زور تەرەق-
قىياتى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىلەن سوتسىيا-
لىستىك دېموكراتىيىدىن ئىبارەت بۇ خىل زىچ ئىچكى باغلى-
نىشىمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتې-
رىنى چوڭقۇر نامايان قىلىدۇ.

## 3 - پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا، ئاساسىي قانۇن-
دا پرىنسىپاللىق يەتتە ماددا بەلگىلەنگەن، مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا كونكرېت قىلىپ 27 ماددا
بەلگىلەنگەن. بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇ-
قىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاز سانلىق

مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھوقۇقلار تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ھوقۇقى**

ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا بۇ قانۇنلاردا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تەستىقلاش ھوقۇقى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ قانۇنلاردا يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى ئەگەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمىسە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا تەستىقلىتىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىشقا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەركەزدىكى رەھبەرلەر

شىزاڭىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قانۇن-قائىدىلەر ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ۋە ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.»

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە پەرقلىق بولغاچقا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلغاندا، ھەممىنى بىر تاياق بىلەن ھەيدىسە بولمايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خېلى مۇستەقىللىككە ئىگە جانلىق بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشىگە يول قويىدۇ. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەردە ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن، ئۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلگەن بولۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي زۆرۈر، شۇڭا ئۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

### 2. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنىنى تەشكىللىشى

ئاساسىي قانۇننىڭ 120-ماددىسىدا ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 24-ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنى تەشكىل قىلىـ

سا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. قانۇندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بېرىلگەن بۇ ھوقۇق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى» دېگەن بۇ سۆز مۇھىم ئاساس بولۇپ، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئېھتىياجلىق بولغاندا بۇ قوشۇننى قۇرۇش، ئېھتىياجلىق بولمىغاندا قۇرماسلىق دېگەنلىكتىن ئىبارەت. «گۇۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن بۇ سۆز تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا، يەرلىكنىڭ مەركەزگە بويسۇنۇش پرىنسىپىنى كۆرسىتىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنىنىڭ ۋەزىپىسى «جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش». بۇ بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلەش — دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا مەلۇم دائىرىدە ھەربىي ھوقۇق بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### 3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك خاراكتېردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقۇرۇشى

ئاساسىي قانۇندا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا پرىنسىپاللىق بىر ماددا بەلگىلەندى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئۇ كېڭەيتىلىپ سەككىز ماددا قىلىندى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مەركەزلىك ئىپا-
دىلىنىدۇ، چۈنكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشى سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ زۆرۈر
يولى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ
گۈللىنىشىدىكى تۈپ يول. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ
بىلەن ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئەمگەكنى راۋاجلاندۇرۇش —
مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىز-
مىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە باش ۋەزىپىسى. تۈپ مەنىدىن
ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى
راۋاجلاندۇرۇشتىكى چوڭ قانۇندۇر. بۇ ھەقتە مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئافېي ئاۋاڭجىنمېي
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسىدە يەرلىك خاراكتېردى-
كى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز-
لىرى باشقۇرۇش ۋە ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇ-
ھىم.» ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تولۇق راۋاجلانسا، كادىرلار،
تېخنىكا جەھەتتىكى كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئىش-
چىلار سىنىپى قوشۇنى يېتىشتۈرۈلسە، ئاپتونومىيە ھوقۇقى
پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىلغار مىللەت-
لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق مۇستەھكەملىنىدۇ. تۆتنى زامانى-
ۋىلاشتۇرۇش غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ. مىللىي تېررىتور-
يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا سەككىز ماددا ئارقىلىق، ئاسا-
سىي قانۇندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مە-
دەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاقىدار پرىنسىپالىق

بەلگىلىمىلەر كونكرېتلاشتۇرۇلدى. بۇ بەلگىلىمىلەر:

1) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

2) سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

3) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىگە ئاساسەن، يەرلىك خاراكتېردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

4) ئۆز جايىغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراشلىق كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى لازىم.

5) قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز جايلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ۋە قوغداش، ئۆز جايلىرىدىكى يايلاق ۋە ئورمانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزلىرى بېكىتىش، يەرلىك

ئېچىشقا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقلارنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

6) ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە.

7) دۆلەتنىڭ پىلانلىق سېتىۋېلىش، يۇقىرىغا يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان باشقا سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

8) گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ تاشقى سودا ئېغىزلىرىنى ئۆزلىرى ئېچىش، چەت ئەللەر بىلەن چېگرالىنىدىغان جايلاردا چېگرا سودىسى قىلىش، تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

9) ئۆز جايىنىڭ سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قارار قىلىش، پىلانلىق تۇغۇش چارىلىرىنى ئۆزلىرى بېكىتىش، تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، بۇلغىنىش ۋە باشقا زىيانلاردىن ساقلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

يۇقىرىقى تۈرلۈك ھوقۇقلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شارائىتىغا ئاساسەن، يەر شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە

يارىدىمى ئاستىدا، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىدا ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

1983 - يىلىنى 1949 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11.5 ھەسسە ئۆستى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 1949 - يىلدىكى 14.8 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ، 1982 - يىلدىكى 51 پىرسەنتكە يەتتى؛ 1983 - يىلى مىللىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشتى؛ ھەر خىل چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1949 - يىلدىكىدىن 3.4 ھەسسە ئاشتى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كىرىمى 1949 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆستى، خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى توغرا يولغا قويۇپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

### 4. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىغا تەئەللۇق مالىيە كىرىمىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشى

ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 33 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسى بىر دەرىجىلىك مالىيە، دۆلەت مالىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك
مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە.
ئومۇمەن دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارغا تەئەللۇق بولغانلىكى مالىيە كىرىمى-
نى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ». مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇ پرىنسىپ قايتا تە-
كىتلەنگەندىن باشقا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
مالىيە كىرىم - چىقىم تۈرلىرىمۇ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بو-
يىچە بەلگىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلار دۆلەت مالىيە تۈزۈلمىسىدىكى بەلگىلىمىلەر
بويىچە، مالىيە چىقىمىدىن ئارتۇق بولغان مالىيە كىرىمى-
نى نورما بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرىدۇ.
يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نورما بېكىتىلگەندىن كېيىن، بىر
نەچچە يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىسىمۇ بولىدۇ؛ كىرىمى چىقىمى-
نى قاپلىيالمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئورگانلىرى
ياردەم بېرىپ تولۇقلاپ بېرىدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لار دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ھەر خىل مەخسۇس مەبلەغ
ۋە مەخسۇس ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ خام چوت-
تا قالدۇرۇلغان ئېھتىيات راسخوتى ئادەتتىكى غەيرىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولسا بولىدۇ ھەمدە
زاپاس مەبلەغ قالدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلى-
رى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، چىقىم قىلىش
ئۆلچىمىنى، خادىملارنى، نورمىنى بېكىتسە، بۇ ئارقىلىق
مالىيە چىقىمىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

ئەمەلىيەتتىكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مالىيە خامچوتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، كىرىمنىڭ ئاشقان قىسمىنى ۋە چىقىمدىن تېجەپ قېلىنغان قىسمىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرسا ۋە ئىشلەپچىقارسا بولىدۇ. دۆلەتنىڭ باج قانۇنىنى ئىجرا قىلغاندا، يەرلىك مالىيە كىرىمىگە تەئەللۇق بەزى باج سوممىلىرىنى ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) نىڭ قارارى ياكى تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويسا بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر شۇنى تولۇق چۈشەندۈردۇكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مالىيە جەھەتتە بىر قەدەر چوڭ هوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىدۇ.

### 5. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشى

سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئاساسى مائارىپ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپى ئىنتايىن قالاق، شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مائارىپ جەھەتتىكى ئاپتونومىيە هوقۇقىغا قارىتا كۆپرەك بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مائارىپ — ئۆز مىللىتىنىڭ كادىرلىرىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئۇ ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مىللىي رايونلاردا مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەقىقەتەن ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا ئۇ پرىنسىپاللىق بىر ماددا قىلىپ بەلگىلەنگەن،

ئاپتونومىيە قانۇنىدا كېڭەيتىلىپ يەتتە ماددا قىلىپ بەل-
گىلەندى. ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز
جايىنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەن-
تەربىيە ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغدايدۇ ۋە رەتلەيدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنى را-
ۋاجلاندۇرىدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ.» ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئو-
مۇمىي پرىنسىپى ۋە 3 - بابىنىڭ 36 - ماددىسىدىن 42-
ماددىسىغا قەدەر، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت، ما-
ئارىپ، تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى كونكرېت
بەلگىلەنگەن ھەمدە ئالتىنچى بابىنىڭ 64 - 65 - ماد-
دىلىرىدا، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت
مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش تو-
رىسىدىكى پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. مائارىپ جەھەتتىكى
بەلگىلىمىلەر: ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ
فاڭجېنىغا ئاساسەن، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆز جا-
يىنىڭ مائارىپ پىلانىنى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەك-
تەپلەرنى تەسىس قىلىشنى، ئوقۇش تۈزۈمىنى، باشقۇرۇش
شەكلىنى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، ئوقۇتۇشتا قوللىنىدىغان تىل-
نى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قارار قىلىدۇ،
مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش
ئۈچۈن، ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئېچىش، باشلانغۇچ مائارىپى-
نى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق مەجبۇرىي مائارىپنى ۋە ئوت-
تۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ؛ ئاز
سانلىق مىللەت سىفەن مەكتەپلىرىنى، ئوتتۇرا تېخنىكوملار-
نى، كەسپىي مەكتەپلەرنى ۋە مىللەتلەر شۆيۈەنلىرىنى تە-
سىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىختىساس

ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق
رايونلىرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار تار-
قاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت تاغلىق رايونلىرى-
دا، مەكتەپتە يېتىشنى ۋە ئوقۇش ياردەم سوممىسىنى ئا-
ساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەك-
تەپلىرىنى ھۆكۈمەت ئاچسىمۇ بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت
ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان باش-
لانغۇچ مەكتەپلەردىن شارائىتى بارلىرى ئاز سانلىق مىل-
لەت يېزىقىدىكى دەرسلىكنى قوللانسا ھەمدە ئاز سانلىق
مىللەت تىلى بىلەن دەرس ئۆتسە بولىدۇ. ئاپتونومىيە قا-
نۇنىدا، يەنە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپ-
لىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇچە دەرسىنى تەسىس
قىلىپ، مەملىكەت بويىچە قوللىنىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي
تىلنى كېڭەيتىش بەلگىلەنگەن. بۇ، مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى
زۆرۈر. دۆلىتىمىز ئازاد بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان-
پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتو-
نومىيىلىك جايلىرىدا ھەر خىل ئالىي مەكتەپلەردىن 76 سى
قۇرۇلدى. 1983 - يىلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق
مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 59 مىڭ 600 نەپەردىن كۆپ
بولۇپ، بۇ 1952 - يىلدىكىدىن 19.6 ھەسسە ئارتۇق. ئوت-
تۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1 مىليون 911 مىڭ 800 دىن
كۆپ بولۇپ، 1952 - يىلدىكىدىن 19.8 ھەسسە ئارتۇق. باش-
لانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 8 مىليون 129 مىڭدىن
كۆپ بولۇپ، 1952 - يىلدىكىدىن 4.5 ھەسسە ئارتۇق.
1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى «مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ۋە مائارىپنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، 90 - يىللاردىكى ۋە كېلەركى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن، سوتسىيالىزم نىشانىدا چىڭ تۇرالايدىغان ئۇنىۋېرسال ئىختىساس ئىگىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈش تەكىتلەندى.

ھەر قايسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق كومىتېتلىرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مائارىپ خىزمىتى يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىملىقىنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشۇرۇشنى تەكىتلەندى. ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ مىللىي رايونلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىلگەن، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ؛ مىللىي تىلدىكى كىتابلارنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، مىللىي مەشھۇر يادىكارلىقلارنى، قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدايدۇ؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى

تۈزۈپ چىقىپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ.
ئۆز جايىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىيات پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، زامانىۋى ۋە
مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلان-
دۇرىدۇ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى
داۋالاش ھەمدە ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىش-
لىرىنى كۈچەيتىدۇ. تازىلىق شارائىتلىرىنى ياخشىلايدۇ؛ تەن-
تەربىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، مىللىي ئەن-
ئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ؛ باشقا
جايلار بىلەن مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ئالماشتۇرۇش
ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلى-
رىگە ئاساسەن، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە چەت ئەللەر
بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارسا بولىدۇ، قانۇندىكى بەل-
گىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش چارىسىنى
تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە باشقىلار ... 1983 - يىلى مەملىكەت بويىچە
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا 28 مىڭ 800 دىن ئارتۇق
ھەر خىل ساقلىقنى ساقلاش ئورگىنى قۇرۇلدى. بۇ 1949 -
يىلدىكىدىن 78.8 ھەسسە ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ 349 دوخ-
تۇرخانا بار بولۇپ، بۇ 1949 - يىلدىكىدىن 48 ھەسسە ئار-
تۇق. ھەر خىل مەخسۇس كەسپىي تىببىي خادىملار 337 مىڭ 700 دىن
كۆپرەك بولۇپ، بۇ 1949 - يىلدىكىدىن 10.8 ھەسسە ئارتۇق.

### 6. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئىچىدىن كادىر، كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاز سانلىق

مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، سەپلەش، ئىشلىتىش جەھەتلەردە بىر قاتار مۇھىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. بۇمۇ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ: «سىياسەت بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل» دېگەنىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1950 - يىلى 11 - ئايدىلا جېڭۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان نىزامنامىنى ئېلان قىلدى، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنى ئاچقاندىن تاشقىرى، يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ياكى بۇ مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپلارنى ئېچىپ، مىللىي كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق كادىرلىرىنىڭ سانى 1 مىليون 200 مىڭ كىشىگە يېتىپ، قۇدرەتلىك بىر قوشۇن شەكىللەندى. بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ياكى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ كەسپىي تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئاساسىي قانۇن ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسىپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ». بۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ قىممەتلىك بىر تەجرىبىسى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىدە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۈرلۈك كەسىپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زور بىرپەن-تېخنىكا قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك

كادىرلارنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.» يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن.[1] مائارىپ نۇقتىلىق ھالدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ،[2] ئۇ بىر مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كادىر يېتىشتۈرۈشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئەڭ ئاساسلىق تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ «ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ. باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئوتتۇرا مائارىپنى راۋاجلاندۇرىدۇ، مىللىي سىفەن مەكتەپلىرىنى، مىللىي تېخنىكۇملارنى، مىللىي كەسپىي مەكتەپلەرنى ۋە مىللەتلەر شۆيۈەنلىرىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.»

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، دۆلەتنىڭ مۇھىم نۇقتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. كادىرلارنى بولۇپمۇ، پەن-تېخنىكا كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددىي بىر ۋەزىپە. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا كادىرلىرى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ

نىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يۇ-
قىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا،
ئۆز ئالدىغا ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك كەس-
پىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ
ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىنىڭمۇ ئېھتىياجى. مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلى-
رىغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئادەم ئىلىشتا،
ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتتىن ئىلىشى لازىم». «ئاپ-
تونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاز
سانلىق مىللەتتىن ئادەم ئالغاندا، يېزىلاردىكى ۋە چارۋى-
چىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئال-
سا بولىدۇ.» ھازىر بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا،
ئاز سانلىق مىللەت كادىر ـ ئىشچىلىرىنىڭ شۇ رايوندىكى
كادىر، ئىشچىلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بەك ئازبولۇپ،
شۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى بىلەن
ماسلىشالمايدۇ، بۇ ئىنتايىن چوڭ بىر مەسىلە. ئاپتونومىيە
قانۇنىدا، ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش،
سەپلەش، ئىشلىتىش جەھەتلەردە بىر قاتار مۇھىم بەلگىلى-
مىلەر بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەستايىدىل ئىجراقى-
لىنسىلا، بۇ خىل ئەھۋالنى قەدەممۇ ـ قەدەم ئۈنۈملۈك ئۆز-
گەرتكىلى بولىدۇ. بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەق-
قىياتىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىتتىپاقلىقنى
كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم. يېزىلاردىن ئاز سانلىق مىللەت

خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە زورىيىشىغا پايدىلىق، شۇڭا يېزىلاردىن ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ئېتىبار بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش يولى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ» ھەمدە يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مۇۋاپىق ساندىكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، پەن-تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئەۋەتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەميناتىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بەرسە بولىدۇ.» يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ئىچكى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەر چېگرا رايونغا ئەقلىي ياردەم بېرىشنى، كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەلگىلىمىلىرى خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغايدۇ ۋە جارى قىلدۇرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن

ئايرىلمايدۇ، خەنزۇلاردىنمۇ ئايرىلمايدۇ، ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشىدىنمۇ ئايرىلمايدۇ. ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەندىنمۇ ئايرىلمايدۇ. پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى، بۇ، نەتىجىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى. ئەمما بۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورتاق سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يەنىلا ئارقىدا قالغان بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورتاق سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى ۋە خىزمەتتىكى مۇھىم نۇقتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈستىگە قويۇلماي، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئۈستىگە قويۇلۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئاستا بولدى، شۇڭا ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق بەش ئاپتونوم رايوننى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورتاق تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا چوڭ. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇم

مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورتاق سەۋىيە-
سىدىن 6.2 پىرسەنت تۆۋەن تۇردۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆز
بېشى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەرمىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك
قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىنىڭ بىر
تۈپ ۋەزىپىسى قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، ئاپتونومىيە
ئورگانلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا بولغان
يېڭى تەلىپىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدۇ. بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قا-
نۇندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كې-
ڭەيتىشكە ئائىت بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى، مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن
پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش
ۋە مەركەزنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىشىنى كا-
پالەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارغا تېخىمۇ زور خوجايىنلىق ھوقۇقى
ۋە تېخىمۇ كۆپ جانلىقلىق بېرىلدى. قانۇن ماددىلىرى
ئىنتايىن كونكرېت بەلگىلىنىپ، خوجايىنلىق ھوقۇقى ئۆت-
كەنكىدىن كېڭەيتىلدى، بۇنداق كېڭەيتىش توغرا، مۇۋاپىق،
پۈتۈنلەي زۆرۈر. بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە
دېموكراتىك خاراكتېرى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بەلگى-
لىگەن، شۇنداقلا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ
ئېھتىياجى بەلگىلىگەن، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت

توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «قانۇن چىقارغۇچىلار قانۇن ياساۋاتمايدۇ، قانۇن ئىجاد قىلىۋاتمايدۇ، بەلكى پەقەت قانۇننى ئىپادىلەۋاتىدۇ» ماركسنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قانۇننى «ئىجاد قىلىش» قا ۋە «ياساپ چىقىش»قا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت «ئىپادىلەش» كىلا بولىدۇ. قانۇننى ئىپادىلەش دېگەن نېمە؟ ئۇ، ئادەتتە بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان قانۇن تۈزۈش دېمەكتۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا تونۇش ۋە ئىنكاس قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى توغرا ئىپادىلەنسە، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ - دە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەكسىچە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا «ئىجاد قىلىنغان»، «ياساپ چىقىلغان» قانۇنلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا مۇقەررەر بۇزغۇنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق رول ئوينايدۇ. لىنبىياۋ، جياڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاتالمىش مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانىدى. بۇ ئىنتايىن بىمەنىلىك ئىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان مىللەتلەر ئارقىدا قالدى، بىز بۇ تارىخىي ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ھازىرقىدىن يەنە كېڭەيتىشكە

بولامدۇ؟ ھوقۇقنى كېڭەيتىش چوقۇم دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ماس كېلىشى، دۆلەتنىڭ دېموكراتىيىلىشىش دەرىجىسى بىلەن بىردەك بولۇشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن تىزگىنلىنىشى لازىم. ھوقۇق ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە بولۇپ، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسى ۋە قانۇنچىلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى، مەسىلەن، مەركىزىي كومىتېت ئومۇمەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، رايون ئەھۋالىغا ۋە ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغان، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولغان ھەر خىل سىياسەت، تۈزۈم، چارە تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، باھاسىنى ئۆستۈرۈش، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا باجلىرىنى ۋە ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى ئازايتىش

ياكى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ سىلىقىنى يەڭ-
گىللىتىش، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئىگىلىكنى جان-
لاندۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، خەلققە دېمىنى ئېلىپ
قەددىنى رۇسلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشنى بەلگىلىدى.
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ خىل شەكىل-
دىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت
تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ
ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. مەركەز بۇ خىل سىياسەتتە كەڭ
قويۇۋېتىپ ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى
ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش
ھوقۇقىنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈ-
شۈرۈپ بەردى. مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردە، 1980-
يىلى گوۋۇيۈەن «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاش-
تۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» نى
ئېلان قىلدى، بۇنىڭدا ئەڭ كەمبەغەل جايلارنى دۆلەت كۆ-
تۈرە ئېلىپ ھەقسىز تەربىيىلەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.
ئۇنىڭدىن كېيىن، گوۋۇيۈەن يەنە سابىق مائارىپ مىنىس-
تىرلىكىنىڭ ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي
مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ىنى
تەستىقلىدى، ئۇنىڭدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تېخىمۇ
كۆپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق
يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بېرىلگەن. ھازىر مەملىكەت بويىچە
136 چېگرا ناھىيە (بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلىرى
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى) دىكى خەلق ئاچقان باش-
لانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان
بولدى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئوقۇت-
قۇچىلىرىغا ئايلاندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان

چەت - چېگرا رايونلاردا، چارۋىچىلىق ۋە سوغۇق تاغلىق رايونلاردا، قونۇپ ئوقۇيدىغان بىر تۈركۈم مەكتەپلەر ئېچىلىپ، تاماق، ياتاق ۋە ئوقۇشنى ھۆكۈمەت كۆتۈرە ئېلىش يولغا قويۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئەلالىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش بىلەن نىسبەت بەلگىلەپ مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەشرىيات، تەرجىمە، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، كىنو، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تېخىمۇ پايدىلىق بولغان، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەرەققىيات تەدبىرلىرى بەلگىلەندى. بۇ سىياسەت، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى ھەمدە ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا بارغانسېرى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مەركەزدىكى رەھبەرلەر شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، دۆلەتنى كۈچەيتىش، خەلقنى بېيىتىش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسى بۇنى خىزمەت قىلىشنىڭ، مەسىلىلەرنى ئويلاشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىشنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بېيىتىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭدا قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسىتىمىز بار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

مۇستەھكەم ئىتتىپاقى بار، ئۇلار بىر نىيەتتە كۈچ چىقارسىلا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى چوقۇم مەملىكىتىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى بازىسىغا ئايلاندۇرغىلى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك ئىستىھكامى قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

# ئالتىنچى باب

# ئاپتونومىيەھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە ئەھمىيىتى

## 1 – پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سۇبيېكتى ۋە پرىنسىپى

### 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ پەقەت ئاپتونومىيە ئورگىنى تەرىپىدىنلا يۈرگۈزۈلۈشى

ئاساسىي قانۇنىنىڭ 115 – ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇنىڭ ئۈچىنچى باب 5 – بۆلۈمىدە بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ».

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى باشقا ئورگانلار ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار يۈرگۈزمەستىن، بەلكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۈرگۈزىدۇ.

1) ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىنتقىلابىي كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، ئۇ، ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ قۇرۇلغان ھاكىمىيەت، جۇڭگو تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان يېڭى تىپتىكى ھاكىمىيەتتۇر. بۇ ھاكىمىيەت ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان خەلققە دېموكراتىيىنى يولغا قويىدۇ. ئەمما ئاھالىنىڭ ناھايىتى ئاز سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان دۈشمەنلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ بىر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى پەقەت ئاپتونومىيە ئورگانلىرىلا يۈرگۈزىدۇ. دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، گەرچە بىر مەزگىل لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ قامال قىلىشىغا ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە

چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر
ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى تۈپ مەقسەت
تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت
ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.
ئاپتونومىيە ئورگىنى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى
ھاكىمىيەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى نامايەن-
دىسىدۇر، پەقەت ئاپتونومىيە ئورگىنىلا ئاپتونومىيىلىك
جايلارنى كۆللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستى-
گە ئالالايدۇ، دۆلىتىمىزدە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرى ئاساسەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتىدۇ. ئىقتىساد-
نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموك-
راتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى مۇستەھكەم-
لەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مول ماددىي ئاساس بىلەن
تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ.

2) ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە
تەشكىللىنىشىدىن قارىغاندىمۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى چوقۇم
ئاپتونومىيە ئورگىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سايلىنىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا
كېلىدۇ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن قارار قىلىپ
تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئورگان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئى-
تىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، خەلق ئۇنىڭغا
ئىشىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇنىنىڭ 95-ماددىسىدىن 110-ماددىسىغىچە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 15-ماددىسىدىن 18-ماددىسىغىچە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرائىي ئورگانلىرىدۇر، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنىغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يېپىق مەزگىلدە، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئادەتتە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇنىنىڭ ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونلىرى تەۋەسىدە تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى مۇھىم ئىشلارنى قارار قىلىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئۆز مەمۇرىي رايونلىرى تەۋەسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىكى مەمۇرىي خىزمەتلەرنى

باشقۇرىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى پەقەت ئاپتونومىيە ئورگانلىرىلا يۈرگۈزگەندە، ئاندىن ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

3) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى تەرەپ-پىدىن يۈرگۈزۈلۈشىنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورى-يىلىك ئاپتونومىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك تېررىتورىيىسى مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. مىللىي ئاپتونومى-يىلىك جايلارنىڭ مىللىي تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى مىسالغا ئالساق، بۇ يەردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئۇيغۇرلار-دىن باشقا، يەنە قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق 40 نەچچە مىللەت تەركىبى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ، مۇشۇ ئاپتونوم رايوندا ئۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، مىللىي ئاپتونومىيە جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتو-نومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيا-لىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ئاساسەن ئۇيغۇر مىللە-تىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇ-رۇش ھوقۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-مىيىسى مۇئەييەن رايون ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئاپتونومىيىلىك

جايلاردا خېلى كۆپ خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى كۆپ ساندىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئولتۇراقلاشقان. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بىر ياكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاينى ئاساس قىلغان ئاپتونومىيەلىك جاي قۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ خەنزۇلار ياكى باشقا مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم يەر ياكى بازارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر دەل دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خوجا بولىدىغان ھوقۇقلۇق ئورگىنىدۇر، پەقەت مۇشۇ ئورگانلا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىيالايدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

4) ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە پۈتۈنلەي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بەزىلەر، ئاپتونومىيە ھوقۇ-

قىنى نېمە ئۈچۈن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويغان مىللەت يۈرگۈزمەيدۇ دەپ سورايدۇ، بىزنىڭچە بۇ-
نىڭدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئاپتو-
نومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە هەرگىز تەسىر يەتمەيدۇ.
چۈنكى هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئۇلارنىڭ
ۋەكىللىرى بىرقەدەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. پەقەت
ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى توغرا بولىدىكەن، ئاپتونومىيە هوقۇ-
قىنى كونكرېت يۈرگۈزۈش جەهەتتە چوقۇم مۇهىم رول
ئوينايدۇ. قانۇندىمۇ بۇ هەقتە كاپالەت خاراكتېرلىك بەل-
گىلىمىلەر بەلگىلەنگەن، بۇ بەلگىلىمىلەردە ئالدى بىلەن
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىل-
لەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى مۇهىم
ئورنى ۋە رولى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ
113-، 114- ماددىلىرىدا: خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكى-
لىدىن باشقا شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان
باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىللىرى بو-
لۇش كېرەك. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رەهبەرلىكىنى تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرا-
لىرى ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە باشقا مىللەتلەر-
نىڭ پۇقرالىرىمۇ مەلۇم رەهبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئې-
لىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندىكى بۇ خىل بەل-
گىلىمىلەر مىللىي باراۋەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەهكەملەيدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سوت-
سىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوز-
غىيالايدۇ، بۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە

مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى قالاق قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەر-
تىشتە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قەدەممۇ-قەدەم تۈ-
گىتىشتە، باي، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ
قۇرۇپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر.

## 2. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش پرىنسىپى

ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ ھوقۇقنى قانداق قىلىپ ياخشى يۈرگۈزۈش — بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە بىۋاسىتە چېتىشىدۇ. بىز ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە توغرا يۈرگۈزۈشىمىز، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

1) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، شۇنداقلا باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلاردا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ پرىنسىپلار ئاساسەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ شۇ جايدا ئەمەل قىلىنىشىغا ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى پائال ئورۇنلاش، شۇ جايدىكى ھەر قايسى

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپلار ئاپتونومى-
يە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيەۋى ئاساسى،
بۇ پرىنسىپقا خىلاپ بولغان بارلىق سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ
ھەممىسى خاتا، ئۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى يول قوي-
مايدۇ. ماركس، ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دې-
گەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «قانۇن جەمئىيەتكە ئور-
تاق بولۇشى، مۇئەييەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى تە-
رىپىدىن بارلىققا كەلگەن مەنپەئەت ۋە ئېھتىياجنىڭ ئى-
پادىسى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز شەخسىي مۇتەھەملىك بول-
ماسلىقى لازىم.» ماركس، ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزى بىزگە
شۇنى چۈشەندۈردۇكى، قانۇن ئىقتىسادىي بازىس تەرىپى-
دىن بەلگىلەنگەن، ۋەھالەنكى، بۇ بازىس ھۆكۈمران سىنىپ-
نىڭ مەنپەئىتى ۋە ئېھتىياجىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ، يەنى
قانۇن تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇ شەخسلەرنىڭ مۇتەھەملى-
كىمۇ ئەمەس. 50-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن لىن بى-
ياۋ-جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغان-
غا قەدەر، دۆلىتىمىز تايىنىدىغان قانۇن يوق، قانۇن بول-
سىمۇ تايانمايدىغان ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ
ئۆتتى. بۇ جەرياندا شەخسىي ئىرادە قانۇن ئۈستىگە قويۇل-
دى، سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، قانۇننى سۆز
بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ
خىل نورمال بولمىغان ئەھۋال دەل ماركس قەتئىي ئىن-
كار قىلغان «شەخسىي خاھىش»، «شەخسىي مۇتەھەملىك»
ئىدى. قانۇنغا ئەمەل قىلىنىش-قىلىنالماسلىقى ھۆكۈمران
سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقىغا
بېرىپ تاقىلىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، بىز

مۇشۇ تارىخىي ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشىمىز لازىم. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بىلەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ ئىككىسى دىئالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇ ھەقتە بىر قاتار بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مەسىلەن، «ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى»، «دۆلىتىمىزدىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، ھەممىسى گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ»، دەپ بەلگىلەندى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، يەنە قانۇن بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىغا بويسۇنۇش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

2) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كۆزلىگەن ئۈنۈم ۋە مەقسەتكە يېتىش كېرەك.

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى؛ نامرات

ۋە قىلالاق، ئىگىلىكى ئاددىي، ئىقتىسادىي ئۇنۇمى تۆۋەن،
سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى
تۆۋەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ھۈنەر-سەنئەت
تېخنىكا سەۋىيىسى قالاق، مالىيە كىرىمى تۆۋەن، قۇرۇلۇش
مەبلىغى كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىكىنىڭجان
تومۇرى بولغان سۇنى ۋە ئىقتىسادنىڭ قان تومۇرى بول-
غان قاتناش ترانسپورتنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشقا
تېگىشلىك. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلار ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ئۆزىنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى نەزەرگە
ئېلىشى ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىك-
لىرىنى تولدۇرۇشى، ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشى لازىم. ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،
مەدەنىيەت، مائارىپنىمۇ مۇناسىپ يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت
بېرىشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ توپ يولى — ئىق-
تىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىشتۇر. قىس-
قىسى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەر-
لەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە بىر نىيەت بىر مەق-
سەتتە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشى، بۇ ئىشقا
چوڭقۇر، قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم.

يولغا قويۇشقا بولىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللى-
نىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈشكە بو-
لىدىغان بىر يېڭى يول ئېچىپ، چېگرا رايونىدىكى ھەرمىل-
لەت خەلقىنى مۇمكىنقەدەر تېز بېيىتىشى، 12- قۇرۇلتاينىڭ
ئۇلۇغۋار چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىغا قەدەر مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك
ئومۇم مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش،شەھەر-يېزا

خەلقىنىڭ كىرىمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، خەلقىنىڭ ماددىي،
مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈ-
زۈشى لازىم. بىز چوقۇم مۇشۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئا-
خىرىغا قەدەر سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇم مەھسۇ-
لات قىممىتىنى 28-29 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرۇشى، يەنى
ئىككى يېرىمدىن ئارتۇق قاتلىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوت-
تۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشىنى قولغا كەل-
تۈرۈشى لازىم. تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق بولۇشى كېرەك. «شارائىتقا قاراپ
ئىش كۆرۈش»، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئۆز
ئارا ماسلاشتۇرۇش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش
ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېننىنى ئىزچىللاشتۇرۇش
لازىم. شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چارۋىچىلىق، ئورمان-
چىلىق مەھسۇلاتى، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋە با-
زىلىرىدىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. شىنجاڭنى
بېيىتىش ئۈچۈن، نېفىت ۋە نېفىت-خىمىيە سانائىتىنى چو-
قۇم چىڭ تۇتۇشى كېرەك، بۇ ئىككىسى شىنجاڭنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا ھې-
سابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي يولداش-
لار ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، شىنجاڭنى ئېچىش-
نى دەۋر قىلىپ، ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئىشلىشى، تەتقىق
قىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قانات يايدۇرۇشى، پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان شەرەپلىك ھەم مۈشكۈل تارى-
خىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش
قىلىشى لازىم.

## 2-پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى ۋە كاپالىتى

### 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ مۇھىم بىر مەسىلە. ئەگەر قانۇننى قانداق يۈرگۈزۈش تەتقىق قىلىنىپ، رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلمىسا، ھەر قانچە ياخشى قانۇنمۇ نۆلگە باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئۇسۇلى بار:

1) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ سوبيېكتىدىن قارىغاندا، ئاپتونومىيە ھوقۇقى مۇنداق بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ:

بىرىنچى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغانلىرى. مەسىلەن، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش شۇنىڭدەك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 20-ماددىسىدىن 45-ماددىسىغىچە بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنى تەشكىللەش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، بايلىق مەنبەلىرىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، بۇلغىنىش ۋە جەمئىيەتكە

بولىدىغان باشقا زىيانلاردىن ساقلىنىش قاتارلىق ھوقۇقلار.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەسلىھەتلىشىپ تەستىقلاش، ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش. بۇ خىل ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىمۇ پۈتۈنلەي زۆرۈر بولۇپ بۇنىڭدا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئەمما چوقۇم يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەستىقلاشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تەشكىلىي رەسمىيەتمۇ تەكىتلەنگەن. تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلار دوكلات قىلغان ئەھۋالنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىسا، خىزمىتىمىزدە سەۋەنلىكتىن خالىي بولۇپ، دۆلەت پىلانىنىڭ ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار-بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ، ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، بېرىلگەن ھوقۇقتا ئاساسەن ئىجرا قىلىش، ئەمما دوكلات قىلىپ تەستىقلىتىش. مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 23-ماددىسىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىكى، ئەمما مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كارخانا،

كەسىپىي ئورۇنلىرى خادىملارنى قوبۇل قىلىشتا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن قوبۇل قىلسا بولىدىغانلىقى، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن خادىم قوبۇل قىلغاندا، چوقۇم ئۆلكە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىش لازىملىقى بەلگىلەنگەن.

2) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسلىرىدىن قارىغاندا، ئاپتونومىيە ھوقۇقى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش. مەسىلەن، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 27-ماددىسىدا: «قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە شۇ جاينىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 28-، 36-، 43-، 46-ماددىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلغا تەۋە ھوقۇقلاردۇر.

ئىككىنچى، دۆلەت پىلانى ۋە بەلگىلىمىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياكى سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 25 -، 26 -، 27 -، 28 -، 29 - ۋە 32 - ماددىلارنىڭ ھەممىسى بىر تىپقا تەۋە بولۇپ، بۇ ماددىلار ئالدىغا چەكلەش بەلگىلىمىلىرى قوشۇلغان.

ئۈچىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى. يەنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى. مەسىلەن، 21-ماددىدا بەلگىلەنگەن مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىش، 22-ماددىدا بەلگىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، 23-ماددىدا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار خادىملارنى قوبۇل قىلىش، 30-ماددىدا بەلگىلەنگەن ئۆز جايىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، 37- ماددىدىن 41-ماددىغىچە بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، دورىگەرلىك، سەھىيە، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلار. قانۇندىكى ماددىلاردىن قارىغاندا، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ئېنىق چەكلىمە بەلگىلەنمىگەن. بۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە تېخىمۇ چوڭ جانلىقلىققا ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىدۇ.

3) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش شەكلىدىن قارىغاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

بىرىنچى، قانۇندا نىزاملارنى تۈزۈش شەكلى ئارقىلىق ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈش بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، قانۇندا ھەر خىل بەلگىلىمە ياكى چارىلارنى تۈزۈش شەكلى ئارقىلىق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 34-ماددىدىكى ھەر خىل چىقىم ئۆلچىمى، خادىملارنى بېكىتىش، نورما بەلگىلەش ھەققىدىكى

تولۇقلىما بەلگىلىمە ۋە ئۇسۇللار، 43-ماددىدىكى ئېقىپ
يۈرگەن ئاھالە ھەققىدىكى چارىلار، 44-ماددىدىكى پىلانلىق
تۇغۇت چارىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاپتونومىيە ھو-
قۇقىنى يۈرگۈزۈش، يەنى قانۇن ماددىلىرىدا چەكلىمە خا-
راكتېرلىك بەلگىلىمە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاپتونومى-
يە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، مەسىلەن، ئاپتونومى-
يىلىك جايلارنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى
ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش.

شۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتونو-
مىيە ھوقۇقىنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتو-
نومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇ-
رۇلتىيىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھو-
قۇقلۇق ئورگانلار ۋە مەمۇرىي ئورگانلار ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ھوقۇق دائىرىسىنى قانداق ئايرىش
كېرەك؟ بۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قى-
لىش ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە
يەرلىك خاراكتېرلىك فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقا چېتىشىدىغان مۇھىم مەسىلىلەردىن قانۇن، نىزام
شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەش زۆرۈر بولغان ھوقۇقلارنى ھو-
قۇقلۇق ئورگان يۈرگۈزۈشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆ-
لەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى، قا-
رار-بۇيرۇقلىرىنى ۋە يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياكى
ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا
قىلىشقا ئائىت ھوقۇقلارنى خەلق ھۆكۈمىتى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

### 2. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ كاپالىتى

تارىختا ھەر قانداق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قانۇن،

تۈزۈشى ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئۆز
سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاپ-
تونومىيە ھوقۇقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-
نىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدۇر. شۇڭا ئاپتونومىيە ھوقۇقى-
نى يۈرگۈزۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. گەرچە
ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ كەڭ ھو-
قۇققا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئازسان-
لىق مىللەتلەر تۈرلۈك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بو-
لۇشتا، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات دەرى-
جىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. قانۇندا بې-
رىلگەن تۈرلۈك ھوقۇقلاردىن تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقە-
دەر يۇقىرى بولغان مىللەتكە ئوخشاش تولۇق بەھرىمەن بو-
لالمايدۇ، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-
نىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىدا بىر قاتار كاپالەت خا-
راكتېرلىك بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. ئەگەر دۆلەت ئاپتو-
نومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە
كاپالەتلىك قىلالمىسا، ئاپتونومىيە قانۇنىمۇ قۇرۇق شەكىل-
گە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ نۆلگەتەڭ
بولىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كا-
پالەتلىك قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

1) قانۇن جەھەتتىكى كاپالەت.

دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدى-
لىكى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاسا-
سەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈپ،
ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇقىملاشتۇر-
دى، قېلىپلاشتۇردى، قانۇنلاشتۇردى. مۇشۇنداق قىلىشنىڭ
ئۆزىمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا بولغان ئەڭ زور كاپالەتتۇر.

ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: « پەقەت مىللەتلەردە ئۆزىنىڭ
تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى بولغاندىلا، هېچكىمدە
شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىغا زورلۇق بىلەن ئارىلىشىش، ئۇ-
لارنىڭ مەكتەپ ۋە باشقا ئورگانلىرىغا، قائىدە يوسۇن ۋە
ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ تىلىنى
چەكلەش، ئۇلارنىڭ هوقۇقىنى يوق قىلىۋېتىش هوقۇقى بول-
مايدۇ» ①. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا
بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە هوقۇقى قانۇننىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىغا بەرگەن هوقۇقى هېسابلىنىدۇ. بۇ هوقۇقنى پار-
تىيە ۋە خەلق بەرگەن. هەر قانداق تەشكىلات، ئورگان، ئو-
رۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىشىغا ياكى چەكلەپ
قويۇشىغا بولمايدۇ. ئەگەر بەزى ئورگان، ئورۇن ۋە شەخس-
لەر ئاپتونومىيە هوقۇقىغا چاڭ سېلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت تۇغ-
دۇرسا، قىلمىشى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا چېتىشسىلا، دۆ-
لەت قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، دېمەك، دۆلەتنىڭ
زورلۇق كۈچى ئارقا تېرەك بولۇپ، ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ
ئىجراسىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

2) يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كاپالىتى

ئاپتونومىيە هوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يۇقىرى دە-
رىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەهبەرلىكى ۋە ياردىمى
مۇهىم بىر هالقا. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 8 - ماددىسىدا، يۇقىرى دە-
رىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى
يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە
شۇ قانۇننىڭ 6 - بابىغا 12 ماددا مەخسۇس كىرگۈزۈلۈپ،

① «ستالىن ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 306 - بەت.

يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە رەهبەرلىك
قىلىدىغانلىقى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقى كونكرېت بەلگىلەن-
گەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي جەهەتتە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالاهىدىلىكى ۋە ئېهتىياجى بو-
يىچە تەرەققىي قىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، مالىيە جەهەتتە
ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ هوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنى-
دۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت يەنە زور مىقداردا مەخسۇس
پۇل ئاجرىتىپ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ هەرخىل قۇرۇلۇش
ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. باشقا جەهەتلەردىن، مەسىلەن، ئۆز
تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنىنى
تەشكىللەش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق جەهەتلەر-
دىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىنى چوقۇم كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ
هەممىسى قانۇنغا ئايلانغان دۆلەت ئىرادىسى بولۇپ، ئۇنى
دۆلەتنىڭ مەجبۇرىلاش كۈچى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

3) ماددىي كاپالەت.

هوقۇق دېگىنىمىز، بىر قانۇنىي ئۇقۇمدۇر. هوقۇق ئا-
دەتتە بىر مەجبۇرىلاش خاراكتېرىدىكى مىزان بولۇپ، ئۇ
ئۈستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي با-
زىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي بازىس يەنە هو-
قۇقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن-
لەيدۇ. بەزىلەر قانۇندىلا بەلگىلەنسە، ئۆز مىللىتىنىڭ كا-
دىرى رەهبەر بولسا ياكى كۆپرەك ياردەم ۋە ئېتىبار بېرىل-
سە، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا هوقۇقنى كاپالەتلەندۈرگەنلىك دەپ
قارايدۇ. بۇخىل تونۇش خاتا، ئۇ مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ
تۈپ ئۇسۇلى ئەمەس. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆز بېشىدا: «ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم...» دېيىلگەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشقان ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ماددىي ئاساس ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن تەمىنلەش — ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئەڭ تۈپ كاپالىتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ئىككى ئايرىلالماسلىقنى ئىزچىللاشتۇرۇش، چېگرا رايونلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە قارىتا ناھايىتى زور كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 3 — پاراگراف ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى

### 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مەقسىتى

ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىدۇر. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەقسىتى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ تۈپ مەقسىتى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تارىختىن قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئاپتونومىيىگە كەلسەك، ماركسىزمچىلارنىڭ قوغدايدىغىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولماستىن، بەلكى ئاپتونومىيىنىڭ ئۆزى، ماركسىزمچىلار ئۇنى مۇرەككەپ مىللىي تەركىبكە ۋە زادىلا ئوخشاشمايدىغان جۇغراپىيىلىك ۋە باشقا شەرت - شارائىتلارغا ئىگە دېموكراتىك دۆلەتنىڭ بىر ئومۇمىي پرىنسىپى قىلىدۇ»①. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىش مەقسەت بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر خىل ۋاستە، مەقسەت — ئاپتونومىيىنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئاپتونومىيىنىڭ ئۆزى دېگىنىمىز نېمە؟ ئۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشتىن ئىبارەت. مەركەزدىكى يولداشلار مۇنداق دېگەنىدى: «مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم». ئىقتىساد ئاساس، مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك. شۇڭا ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش، پەقەت دۆلەتنىڭلا توپ ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىمۇ يادرو ھېسابلىنىدۇ.

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى 552 - بەت.

ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىقتىسا-
دىي ئامىل جەمئىيەتتە ئەڭ تۈپ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايـ
دىغان ئامىل. شۇڭا ماركس: «سىياسىي ھوقۇق پەقەت ئىقـ
تىسادىي مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر.»①
دېگەنىدى. شۇڭا ئەگەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىساد ۋە مە-
دەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن چەتنىگەن ھالدا ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى سۆزلىگەنلىك ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ
كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ
سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىكى مەقسىتى
ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى
ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ
ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش ۋە
ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك
قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدى-
رىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ
مەنپەئەتىگە چېتىشىدۇ، ئۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق-
نى تۈگىتىشنىڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچى، مىللىي ئاپتونومى-
يىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومى-
يە ئورگانلىرى چوقۇم ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پرىنـ
سىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ۋاسى-
تىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشى،
شۇنىڭدەك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېز تەرەققىي
قىلىپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى
13 - بەت.

تىگە ئىگە قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. مانا بۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم رولى ۋە تۈپ مەقسىتىدۇر.

## 2. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

1) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى سوتسىيالىزم دەۋرىدە قانۇن جەھەتتىن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈردى. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى دۆلىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان يېڭى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، ئۇ، روشەن ھالدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئىجادچانلىق بىلەن تەدبىقلىشىدىكى ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى ۋە ئىلغار جايلارنىڭ مەدەت بېرىشىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئاپتونومىيە يولغا قويۇلمىغان جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەرنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. مانا بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەنلىك، شۇنداقلا نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى كاپالەتلەندۈرگەنلىك.

2) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلگەنلىكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر باسقۇچقا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1949 - يىلى ئېلان قىلىنغان ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان «ئورتاق پروگرامما» دا، ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسىگە قارىتا تۆت ماددا بەلگىلەنگەنىدى. 1952 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئېلان قىلدى. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ بەلگىلىنىشىدىن قارىغاندا، بۇ «پروگرامما» دا 11 ماددا بەلگىلىنىپ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، خېلى زور ئىلگىرىلەش بولدى. 1954 - يىلى دۆلىتىمىزدە تۇنجى قېتىم سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇن بارلىققا كەلدى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى جەھەتتىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇندا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مالىيە، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىلەر بولۇپ، 1952 - يىلىدىكى «پروگرامما» دىن تېخىمۇ تولۇق مۇكەممەللەشتى. 1982- يىلى تۈزۈلگەن يېڭى ئاساسىي قانۇندا 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ ئاپتونومىيە

ھوقۇقىغا دائىر بەلگىلىمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈلگەندىن باشقا، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىكى
ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، بەش
ماددا، جەمئىي ئالتە تەرەپ كونكرېت بەلگىلەندى. مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا
ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى كونكرېتلاشتۇرۇلغان ماددا
27گە يەتتى. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئې-
نىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنە دۆلىتى-
مىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقىنىڭ
مۇھىم مەزمۇنى ۋە نامايەندىسىدۇر. شۇڭا مەزمۇنغا باي بول-
غان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى مىللىي باراۋەر-
لىكنى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا،
مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوت-
سىيالىستىك قانۇنچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشكە نىسبەتەن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

3) دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
ھوقۇقى مەلۇم خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە.
پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3-ئومۇم يىغىنىدىن كېيىن، مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنىپ،
بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلاردىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكە ئوخشاشلا غايەت زور
ئۆزگىرىشلەر بولدى، يېزا - شەھەرلەردە ئۆزگىرىشلەر بولى-
ۋاتىدۇ، ھەر قايسى سەپ، ھەر قايسى كەسىپلەر گۈللەپ تە-
رەققىي قىلىۋاتىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىق كۈچەيمەكتە .... بۇ
نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قوي-

...نلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن، 3 - دۇنياغا مەنسۇپ دۆلەت. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي تەجرىبىلىرى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تەجرىبىلەر دۇنيادا بارغانسېرى كۆپلىگەن 3 - دۇنيا ئەللىرى خەلقى نەزەرسالىدىغان، قارشى ئالىدىغان، ئۆگىنىدىغان تەجرىبىلەر بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دۇنيا ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، بېرىش - كېلىشنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بولۇپمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ كەڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى بىر دۆلەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۇنيادىكى بەزى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىلھام بېرىدۇ.

# يەتتىنچى باب

# خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى

## 1 - پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى

### 1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئورنى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ئورگانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈدىغان ئورگانلىرىدۇر.»، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتايلىرى

تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ». بۇ بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرى بىلەن دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرى بىلەن تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاساسىي قانۇنىنىڭ يۇقىرىقى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزى بەلگىلىگەن دۆلەت ئورگىنىغا، يەنى سوت ئورگانلىرى بولغان خەلق سوت مەھكىمىسىگە ۋە دۆلەتنىڭ تەپتىش ئورگانلىرى بولغان خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە تاپشۇرغان. خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ئۇ قانۇن جەھەتتىن نازارەت قىلىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ئالدىدا ۋە قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرى بىلەن تەپتىش ئورگانلىرىنى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ ھەمدە سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيىسىگە ئىگە مۇستەقىل سىستېمىسىمۇ بولىدۇ، مانا بۇلار خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش

مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدە تۇتقان ئورنىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن ئىبارەت، ئۇلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى ۋە مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئەمما مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋەخەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار گەرچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك تېررىتورىيەئىچىدەتەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاپتونومىيە ئورگىنى ھېسابلانمايدۇ ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەيدۇ. بۇھەقتە ئاساسىي قانۇن ۋە ،مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماددىلىرىدامۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان. ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئۈچىنچى بابنىڭ ئالتىنچى پاراگرافىغا،خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر يەتتىنچى پاراگرافقا كىرگۈزۈلگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تۆتىنچى بابقا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن. قانۇن ماددىلىرىدىكى بۇ خىل قۇرۇلما تەرتىپى زۆرۈر ھەم ئىلمىي بولغان. چۈنكى، بىرىنچى، ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن

سىستېمىسىنىڭ بىرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئىككىنچى، مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى
ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئورنى توغرا ۋە ئېنىق
كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىلەن
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوت ۋە تەپتىش ئور-
گانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى ۋە تەپتىش ھوقۇقى توغرا
ئايرىپ بېرىلگەن. بۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق نە-
زەرىيىسى ۋە قانۇن ئەمەلىيىتىدىكى بىر ئىجادىيەت ھې-
سابلىنىدۇ.

### 2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى

1) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجى-
لىك يەرلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي سىس-
تېمىسى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە
خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا ئاساسلان-
غاندا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى تەرىپىدىن
ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ
نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلى-
رى شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى
سايلاش ھەم ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ناھىيە
دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر

دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت تەركى-
بىدىكى خادىملىرى سوت ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈس-
تىگە ئالسا بولمايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاپتو-
نومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلى-
رىنىڭ دائىمىي كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھ-
كىمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆ-
لەتنىڭ ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى
ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق سوت مەھ-
كىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى بىلەن رەھبەرلىك تۈ-
زۈلمىسى يۇقىرى تۆۋەننى تەكشۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا
بەرپا بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەت تەك-
شۈرۈش، نازارەت قىلىش مۇناسىۋىتى، رەھبەرلىك قىلىش-
قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئەمەس. ئۇ خەلق تەپتىش مەھكىمى-
لىرىدىكى يۇقىرى تۆۋەنگە رەھبەرلىك قىلىش، تۆۋەن يۇ-
قىرىغا بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت
مەھكىمىلىرى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى، ئوت-
تۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكى-
مىسى دەپ ئايرىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھ-
كىمىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، شەھەرلىك
خەلق سوت مەھكىمىلىرى، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق سوت
مەھكىمىلىرى ۋە شەھەرگە تەۋە رايونلۇق خەلق سوت مەھ-
كىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكى-
مىسى بىر مەھكىمە باشلىقى، بىرنەچچە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى
ۋە سوت خادىملىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت
مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق-

تەلەپ سوت كوللېگىيەسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيەسى تەسىس
قىلىنسا بولىدۇ. سوت كوللېگىيەسىدە كوللېگىيە باشلىقى،
مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى قويۇلسا بولىدۇ. مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلاردا تەسىس قىلىنغان يەرلىك ھەر دە-
رىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تايلىرى سايلاپ چىقىدۇ، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، سوت كول-
لېگىيەسىنىڭ باشلىقلىرىنى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋە سوت
خادىملىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دە-
رىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەيىن-
لەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. يەرلىك ھەردەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي-
لىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئالدىدا جاۋابكار
بولىدۇ. ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. تۆۋەن دەرىجى-
لىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىنى يۇقىرى
دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نازارەت قىلىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۆ-
تىنچى باب 46 - ماددىسىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئال-
دىدا جاۋابكار بولىدۇ دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەندىن باشقا،
يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھ-
كىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى ۋە خىزمەتچى خادىملى-
رى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان
مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى لازىم دەپ يېڭى بەلگىلىمە
چىقىرىلغان. بۇ بەلگىلىمىلەر ناھايىتى مۇھىم، سوت خىز-
مىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شارائىتقا ئاساسلانغاندا، خەلق سوت

مەھكىمىلەردە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى لازىم. خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 34 ـ ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خادىملىرى قانۇن كەسپىي بىلىملىرىنى چوقۇم ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. نۆۋەتتە، قانۇن كەسپىي خادىملىرى يېتىشمەيدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت قانۇن كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك.

2) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ماددىلىرىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئايرىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى بىر تەپتىش باشلىقى، بىر قانچە مۇئاۋىن تەپتىش باشلىقى ۋە تەپتىشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. تەپتىش باشلىقى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي

قانۇنىنىڭ 22– 23 – ۋە 27 – ماددىلىرىغا ئاساسەن بولە-
دۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش-
لىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى سايلايدۇ ۋە
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە
ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشى ئىشىنى ئالىي خەلق تەپتىش مەھ-
كىمىسىنىڭ باشلىقىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، مەملىكەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىت-
تىش كېرەك. مۇئاۋىن تەپتىش باشلىقلىرىنى، تەپتىش كو-
مىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە تەپتىشلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش،
ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. ئاپ-
تونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكى-
مىلىرىنىڭ باشلىقىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى سايلايدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشىنى ئۆزى-
دىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، شۇ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەك.
ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھ-
كىمىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى ۋە تەپتىشلەرنى شۇ دە-
رىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە
تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 46 – ماددىسىنىڭ
ئۈچىنچى تارمىقىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، رەھبەرلىك ئەزالىرى

ۋە خىزمەتچى خادىملىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تەپتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملىرى بولۇشى كېرەك، سەپلەش ۋاقتىدىمۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 27 - ماددىسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇمكىنقەدەر ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلەش لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 133 - ماددىسىنىڭ روھىغا ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسىغا ئاساسەن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەم خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 46 - ماددىسىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇلار خەلق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى بىر تەرەپتىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق رەھبەرلىك تۈزۈلمە پرىنسىپى دۆلىتىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمە ھەققىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنىدۇر. ئۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە كۈرەش ئېھتىياجىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ تەپتىش ھوقۇقىنى چوڭراق مەركەزلەشتۈرۈپ، تەپتىش ئورگانلىرىنى قانۇن بويىچە تەپتىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بەشىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنى ماقۇللىغان «ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى» دە، يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىشىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلىشى پۈتۈنلەي زۆرۈر ئىدى. مۇنداق قىلىش

يىغىپ ئېيتقاندا، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەپتىش ھوقۇقى-
نى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىگە پايدىلىق. تەپتىش ھوقۇقى دۆ-
لەتنىڭ مۇھىم ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇراقسىزلىقى
ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، يۇقىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشى
قانۇن - تۈزۈم ئازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق.
دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تەپتىش ئورگان-
لىرىدا قوش رەھبەرلىك يولغا قويۇلغان، 1954 - يىلىدىكى
ئاساسىي قانۇندا يۇقىرى تۆۋەنگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆز-
گەرتىلگەن. 1978 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا يۇقىرى
تۆۋەننى ئازارەت قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن، 1979 - يىلى بە-
شىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاساسىي قانۇنغا يەنە
تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ 43 - ماد-
دىسىدا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى رەھبەرلىك
قىلىش - قىلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرتىلدى، يۇقىرىنىڭ
رەھبەرلىكى كەسىپ جەھەتتە رەھبەرلىك قىلىشتا، تۆۋەن
دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنى قوللاش ۋە ياردەم بې-
رىشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا ياردەملىشىپ، تەپتىش
كادىرلىرىنى تەكشۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئىپادىلى-
نىدۇ. قانۇن - تۈزۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەپ-
تىش سىستېمىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
بۇ خىل بىرلىك ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەركەز-
لىك ئىپادىلىنىدۇ، چىگىش ئەنزىلەرگە يولۇققاندا، يۇقىرى-
دىن ئادەم ئەۋەتىپ ياردەملىشىشكە بولىدۇ، زۆرۈر تېپىل-
غاندا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنزىنى يۇقىرىغا يۆتكەپ
ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ. ئۆتكەنكىگە ئوخشاش ئازارەتچىلىك
مۇناسىۋىتىدە بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
تەشكىلىي جەھەتتىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، يەنى

تەپتىش باشلىقىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلاپ چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلايدۇ. سوت مەھكىمىسىدە بۇنداق بەلگىلىمە يوق، ئەمما تەپتىش باشلىقىنى سايلاشتا تەستىقلىتىش كېرەك، بۇ تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. تەپتىش باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قالدۇرۇۋېتەلمەيدۇ، بۇنىڭدا يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەستىقلىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى بولۇپ، ئۇنى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 3-ماددىسىدا، يەنە تەپتىش باشلىقى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، تەپتىش كومىتېتىدا دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى، تەپتىش باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇھىم، چوڭ ئەنزىلەر ۋە مۇھىم، چوڭ مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ قارار قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئەگەر تەپتىش باشلىقى چوڭ مەسىلىلەردە كۆپ سانلىقنىڭ قارارىغا قوشۇلمىسا، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ قارار قىلسا بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەردە ئۆتكەنكىگە ئوخشاش تەپتىش باشلىقى تەپتىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان، پىكىر بىرلىككە كەلمىگەندە كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى قارار ھېسابلانمىستىن، تەپتىش باشلىقىنىڭ قارارى قارار بولىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش

چىرىتىشىنى يەنىمۇ كەۋدىلەندۈرۈپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسىي مەسئۇل بولۇش تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەپتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش شارائىتى يارىتىلغان.

## 2- پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، خىزمەت ۋەزىپىسى

### 1- مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسى

1) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇق دائىرىسى.

بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى (خەلق سوت كوللېگىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ خىزمەت ھوقۇقى.

ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمە تەشكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەنزىلەرنى سوت قىلىش تەرتىپى جەھەتتە، قانۇندا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەندىن باشقا ئادەتتىكى ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي قاتلام

خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت سۇپىتىدە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى خەلق ئامىسى بىلەن ئەڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغان سوت مەھكىمىلىرىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆتكەندىكى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە خەلق سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ كوللېگىيە ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. مانا بۇلار ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى خەلققە تايىنىش، خەلققە قولايلىق بولۇش پرىنسىپىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن، ئەنزىلەرنى تېخىمۇ توغرا ۋە ۋاقتىدا ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. خەلق سوت كوللېگىيىسى ئانچە چوڭ ۋە مۇرەككەپ بولمىغان جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ۋە ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۆز تەۋەسىدىكى خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بارىدۇ.

ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق-تەلەپ سوت كوللېگىيىسى ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسەن، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ بىرىنچى سوت ئەنزىلىرىنى قاراپ چىقىش، جۇملىدىن سوت ئېچىش ھاجەتسىز بولغان ھەق - تەلەپ ماجرالىرىنى ۋە يېنىك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك خەلق مۇرەسسە ھەيئەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك

قىلىشتىن ئىبارەت. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 21 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا:
«ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزى بىر تە-
رەپ قىلغان جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ۋە ھەق تەلەپ ئەن-
زىلىرىنى ئەنزە چوڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت
مەھكىمىسى سوتلاشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلىسا، يۇقىرى
دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلىشىغا يوللاپ بەرسە
بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىز-
مەت ھوقۇقى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەسىس قىلىنغان
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاپتونوم رايون تەۋەسى-
دىكى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتو-
نوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق سوت مەھ-
كىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 24 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ
تارمىقىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئوتتۇرا خەلق سوت مەھ-
كىمىسىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق ـ تە-
لەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي ئىشلار سوت كوللې-
گىيىسى تەسىس قىلىنىدۇ، ئېھتىياجغا ئاساسەن باشقا سوت
كوللېگىيىلىرى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ».

ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئاساسىي
قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسىدۇر. ئادەتتىكى ئەنزىلەرنى ئاساسىي
قاتلام سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوت قىلىدۇ، دەۋالاشقۇچىلار

ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى چىقارغان، ھۆكۈم ياكى كېسىملەرگە قايىل بولمىغاندا، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بېرىدۇ، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ھۆكۈم ياكى كېسىم ئاخىرقى ھۆكۈم ياكى ئاخىرقى كېسىم ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققان بىرىنچى سوت ئەنزىلىرىدىكى ھۆكۈم ياكى كېسىمگە قايىل بولمىغانلار يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بېرىدۇ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چىقارغان ھۆكۈم ياكى كېسىملىرى ئاخىرقى ھۆكۈم ياكى كېسىم ھېسابلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئەنزىلەر ئوتتۇرا ياكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىلا ۋاقتىدا ھەل قىلىنىدۇ، بۇ جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشكىمۇ، ئامىمىنىڭ داۋالىشىشىغىمۇ پايدىلىق، شۇڭا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەسىس قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 25- ماددىسىدا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئەنزىلەرنى سوتلايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن:

(1) قانۇن - پەرمانلاردا بەلگىلەنگەن ئۆز تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوت ئەنزىلەر؛ (2) ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى ئەۋەتكەن بىرىنچى سوت ئەنزىلەر؛ (3) ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىملىرىگە قايىل بولماي يۇقىرىغا نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ئەنزىلەر؛ (4) خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت قىلىشنى نازارەت قىلىش تەرتىپىگە ئاساسەن،

ئىتىراز بىلدۈرگەن ئەنزىلەر. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزى باشقۇرغان جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىۋە ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلىشىغا تېگىشلىك ئېغىر ئەنزە دەپ ھېسابلىسا، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلىشىغا يوللاپ بەرسە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى. ھەق - تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي ئىشلار سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنىدۇ، ئېھتىياجغا قاراپ باشقا سوت كوللېگىيىلىرى تەسىس قىلىنىشىمۇ بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدۇر. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 28 - ماددىسىدا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئەنزىلەرنى سوتقىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن: (1) قانۇن - پەرمانلاردا بەلگىلەنگەن ئۆز تەۋەسىدىكى بىرىنچى سوت ئەنزىلىرى؛ (2)ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى يوللىغان بىرىنچى سوت ئەنزىلىرى؛ (3) ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان ۋە كېسىم چىقارغاندىن كېيىن نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ئەنزىلەر؛ (4) خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوتنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئەنزىلەر.

## 2) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا: خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ئورگىنى بولۇپ، دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. سوت قىلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ۋە ھەق ـ تەلەپ ئەنزىلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلىشى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ نېمىگە زەربە بېرىشى، نېمىنى قوغدىشى لازىملىقىغا، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى پەقەت خەلق سوت مەھكىمىسىلا بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا: خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلارنى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشىگە تاپشۇرۇشتىكى مەقسىتى

دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ بىر تۇتاشلىقىنى قوغداش، قانۇننى توغرا تەدبىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىردىنبىر ئورگان ھېسابلىنىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتكە ۋەكالىتەن بارلىق جىنايەتچىلەرگە جىنايى جازا تەدبىقلاش ۋە دەۋالاشقۇچىلارنى قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ مۇناسىۋىتىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاش ھوقۇقىغا ئىگە، دۆلەتنىڭ باشقا ھەر قانداق ئورگىنىدا سوت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە كېسىم چىقىرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىغا مەجبۇرلاش تەرتىپى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن سوت قىلىشتەك ئالاھىدە ئۇسۇلى ئارقىلىق، دۆلەتكە ۋەكالىتەن جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ياكى ھەق - تەلەپ ئەنزىلىرىگە ھۆكۈم ۋە كېسىم چىقىرىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانىكەن ھەر قانداق كىشىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا قارشى چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش ۋە جازالاش ئورگىنى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رولى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا مەجبۇرلاش ۋە جازالاش ئەمەس. ئۇ مەجبۇرلاش بىلەن جازالاشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ «مەجبۇرلاش بىلەن جازالاش» ياكى «جازالاش بىلەن تەربىيىلەش» نى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت

قوش ۋەزىپىسىمۇ بار، بۇلار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ۋە ھەق- تەلەپ ئەنزىلىرىنى سوت قىلىش ھەمدە سوت قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، بارلىق جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، ھەق - تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈمى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنلۇق مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت».

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — سوت قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، خەلقنى قوغداش، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ نۆۋەتتە سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى سوت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سوت قىلىش خىزمىتى خەلق،

سوت مەھكىمىسىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋر-
دىكى يېڭى بىر ۋەزىپىسى. ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى
جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىيا-
سىتىنى يولغا قويۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-
نى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە،
خەلق سوت مەھكىمىسى يېڭى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشى،
يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم.

ئۈنىڭدىن باشقا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يەنە
خەلققە قانۇنغا رىئايە قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش
ۋەزىپىسىمۇ بار. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي
قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا مۇنداق
دەپ بەلگىلەنگەن: «خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ پۈت-
كۈل پائالىيىتى ئارقىلىق، پۇقرالارغا سوتسىيالىستىك ۋە-
تەنگە سادىق بولۇش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭ-
لىق رىئايە قىلىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ». ئۇ
پۇقرالارغا ئاساسەن سوت قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق
تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. سوت قىلىش پائالىيىتى خەلقنىڭ
مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم-
لىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سوت پائالىيىتى ۋە چىقى-
رىلغان توغرا ھۆكۈم ھەم كېسىملەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى
سۆز بىلەن قايىل قىلىشتىن ئىبارەت تەربىيىۋى ئەھمى-
يەتكە ئىگە. شۇڭا «ئۈنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ئارقىلىق
پۇقرالار تەربىيىلىنىدۇ». دېمەك، خەلق سوت مەھكىمىلى-
رى سوت قىلىش پائالىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن،
يەنە سايلىغۇچىلارنى خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، خەلقتىن
كەلگەن ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، خەلق مۇرەسسە

خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، شۇنىڭدەك باشقا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسى**

1) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى.

تەپتىش ھوقۇقى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا قانۇنىي نازارەتنى يولغا قويىدىغان خىزمەت ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 5 - ماددىسىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، دۆلەتنى پارچىلاش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن - پەرمان، مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىنىشتەك زور جىنايى ئەنزىلەرگە تەپتىش ھوقۇقى يۈرگۈزىدۇ. بۇ خىل خىزمەت ھوقۇقى قانۇن نازارەتچىلىكىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمەت ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ، بۇ خىل ھوقۇق قانۇندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي كۈچلەر ۋە ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مۇھىم، چوڭ ئەنزىلەر كۆپ ھاللاردا يەككە - يېگانە شەخسلەرنىڭ جىنايى

ئەنزىسى بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مەلۇم ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بەزى بۇزۇقلار گۇرۇھىنىڭ جىنايى ئەنزىسىدۇر. خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتى ئالاھىدە ئېغىر بولغان جىنايەتكە تەپتىش مەھكىمىسى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى بۇ خىل خىزمەت ھوقۇقىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ خىل ئەنزىلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلىشى، قاتتىق تەكشۈرۈشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنىڭ بىر تۇتاش يۈرگۈزۈلۈشىنى قوغدىشى لازىم. بۇ خىل ئەنزىلەر ئالاھىدە مۇھىم بولغاچقا، ئۇنى ئالاھىدە قانۇنىي ئىنتىزام سۈپىتىدە نازارەت قىلىشى، ئادەتتىكى ئىنتىزام نازارىتىدىن پەرقلەندۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچى، بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەنزىلەرنى تەھقىقلەيدۇ. تەپتىش ئورگانلىرى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان ۋە تەھقىقلەپ بىر تەرەپ قىلغان بۇ خىل ئەنزىلەر ئادەتتىكى قانۇن-ئىنتىزام نازارەتچىلىكىگە تەۋە ئەنزىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 13 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا بەلگىلەنگەن: «خىيانەتچىلىك جىنايىتى، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى، شۇنىڭدەك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزلىرى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ قارار چىقىرىشنى زۆرۈر تاپقان باشقا ئەنزىلەرنى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دېلو ئېچىپ تەھقىقلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىكنى قارار قىلىدۇ» دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئەنزىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى —

دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ
ئىنتىزامنى بۇزۇش، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جى-
نايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەنزىلەرنى بىر
تەرەپ قىلىش قانۇن - ئىنتىزام نازارەتچىلىكىدىكى
دائىملىق خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى قانۇن-
ئىنتىزام نازارەتچىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تەھقىق-
لىگەن ئەنزىلەرنى تەكشۈرىدۇ، قولغا ئېلىش ياكى ئالماس-
لىقنى، ئەيىبلەش ياكى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىشنى
قارار قىلىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تەھ-
قىقلەش پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغان-
لىقىنى نازارەت قىلىدۇ.

تۆتىنچى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە
ئەيىبلەشنى قوللايدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قى-
لىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلى-
قىنى نازارەت قىلىدۇ.

بەشىنچى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىگە قارىتا قىلىن-
غان ھۆكۈم، كېسىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە تۈرمە، تۇ-
تۇپ تۇرۇش ئورنى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورگانلى-
رىنىڭ پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغان-
لىقىنى نازارەت قىلىدۇ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ
5 - ماددىسىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى تارماقلى-
رىدا بەلگىلەنگەن يۇقىرىقى خىزمەت ھوقۇقى ئەدلىيىلىك
نازارەت قىلىشقا تەۋە بولۇپ، ئۇ سوت قىلىش نازارەتچىلىكى،
تەھقىقلەش نازارەتچىلىكى، ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىكى
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نازارەتچىلىكى قاتارلىق
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇن نازارەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ دۆلەت ئورگىنى، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى دۆلەت ئورگىنى ئەمەس، ئۇ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالى بولۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان باشقا ئورگانلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ قانۇن نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئالاھىدە مەخسۇس ئورگان ھېسابلىنىدۇ. قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرلا بولىدىكەن، تەپتىش ئورگانلىرى نازارەت قىلىدۇ. قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ بىۋاسىتە رولى — ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ، قانۇننىڭ بىرلىكىنى ۋە توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنى قوغدايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىپ، خەلق دېموكراتىيىسىنى قوغداپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغدايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ رولى يىغىنچاقلانغان ھالدا «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 4 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسىدە گەۋدىلىنىدۇ. «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 4 -ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تارىخنىڭ يەكۈنى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنىڭ يىغىنچاقلىنىشىدۇر.

ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «خەلق
تەپتىش مەھكىمىلىرى تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئار-
قىلىق، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، دۆلەتنى پارچىلاش
ھەرىكەتلىرىنى ۋە باشقا بارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرى-
كەتلەرنى باستۇرىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ۋە باشقا جى-
نايەتچىلەرگە زەربە بېرىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداي-
دۇ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىنى قوغدايدۇ، سوت-
سىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تەر-
تىپىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى، خىزمەت تەرتىپىنى،
ئوقۇتۇش - ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات تەرتىپىنى قوغ-
دايدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغدايدۇ، سوت-
سىيالىستىك ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى مال- مۈلۈكنى
ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال - مۈل-
كىنى ۋە پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى
قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ جىسما-
نىي ھوقۇقىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ۋە باشقا ھوقۇقلى-
رىنى قوغدايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغدايدۇ. خەلق
تەپتىش مەھكىمىلىرى تەپتىش پائالىيىتى ئارقىلىق پۇق-
رالارغا سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە سادىق بولۇش، ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت-
لەر بىلەن پائال كۈرەش قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ.

## 3- پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپلىرى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي

قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپلار ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپى**

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 126 - ماددىسى، 131 - ماددىسى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 4 - ماددىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 9 - ماددىسىدا: خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلارنى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپ — سوت مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم روھىنىڭ گەۋدىلىنىشى. بۇ پرىنسىپنىڭ مەنىسى — دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى پەقەت خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىلا بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ، باشقا ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسلەردە دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش

مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزگەندە، بىرىنچىدىن، چوقۇم قانۇن بويىچە خىزمەت ئىشلىشى، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى، مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. سوت قىلىش، تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، «پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» تا چىڭ تۇرۇشى، قانۇن بويىچە مۇستەقىل سوت قىلىشى، تەكشۈرۈشى، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. بۇ پرىنسىپنىڭ بېكىتىلىشى سوت قىلىش، تەپتىش قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئەنزىلەرنى توغرا، قانۇنلۇق سوت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنىڭ بىرلىكىنى ۋە قەتئىيلىكىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرىدۇ، دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، ئەمما ئۇلارمۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئاساسىي قانۇننىڭ 127 -، 128 -، 129 - ماددىلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ

46 ـ ماددىلاردا: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتىدە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتىدە يەنە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېگەن مەزمۇنلار بەلگىلەنگەن.

خىزمەت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ دېگەنلىك، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ پائالىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بىر تۈپ پرىنسىپ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. قانۇن

تۈزۈشكە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ، شۇڭا قانۇننى ئىجرا قىلىشقىمۇ پارتىيە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە سوت قىلىشى ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈنلەي بىردەك. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىرادىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ماددىلىشىشى ۋە قېلىپلىشىشىدۇر. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى پارتىيە سىياسىتىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش - پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئەگەر ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولمىسا، پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئەمما سىياسەتكە تايىنىپ ئىش قىلىشتىن تەدرىجىي ھالدا سىياسەتكىمۇ، قانۇنغىمۇ تايىنىپ ئىش قىلىشقا قاراپ ئىلگىرىلەش لازىم. پارتىيىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە بولغان رەھبەرلىكى ئاساسەن، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت جەھەتتىكى رەھبەرلىكتۇر. پارتىيە يەنە «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم ئىختىساسلىق كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرىدۇ ۋە سەپلەيدۇ. بولۇپمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن سەپلىنىشىگە، قانۇنىنىڭ توغرا ۋە ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭا پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش تەپتىش قىلىش جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلارنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۇرگىلى بولىدۇ.

### 2. قانۇننى تەدبىقلاشتا پۇقرالار بابباراۋەر بولۇش پرىنسىپى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 33 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقى ۋە 5 - ماددىسىنىڭ تۆتىنچى تارمىقىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر»، «ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ ئاساسىي قانۇندىن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ، ئىمتىيازغا ئىگە بولىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 5 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «خەلق سوت مەھكىمىسى ئەنزىلەرنى سوت قىلغاندا،

بارلىق پۇقرالارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مىللىتىگە، ئىرقىغا، جىنسىگە، كەسپىگە، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىغا، دىنىي ئېتىقادىغا، تەربىيىلىنىش دەرىجىسىگە، مال - مۈلۈك ئەھۋالىغا، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماستىن، قانۇن تەدبىقلاشتا پۈتۈنلەي باراۋەر بولىدۇ، ھەر قانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ». خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 8 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە قانۇننى ھەر قانداق پۇقراغا بابباراۋەر تەدبىق قىلىدۇ، ھەر قانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ». پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر بولۇشى، ھەر قانداق ئىمتىيازغا يول قويۇلماسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىنىڭ بىر تۈپ ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭمۇ مۇھىم بىر پرىنسىپىدۇر، ئۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە روھىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پرىنسىپنىڭ مەزمۇنى: دۆلىتىمىزدە قانۇن بارلىق پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە بىر تۇتاش تەدبىقلىنىدۇ، ھەر قانداق پۇقرانىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئوخشاش ھوقۇقى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادا قىلىشى شەرت بولغان مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، قانۇننى تەدبىقلاشتا، ھەر قانداق پۇقرانىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق پۇقرانىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر قانداق پۇقرادا ئاساسىي قانۇندىن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە پۇقرالارنىڭ بولۇشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ، قانۇندىن يۇقىرى تۇرىدىغان.

ئىمتىيازىنىڭ بولۇشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ.
ئەرز قىلىنغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ئورنى، ئىجتى-
مائىي تەركىبى ۋە سىياسىي تارىخىدا قانداق ئوخشىماس-
لىقلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەرز قىلىنغۇچى جى-
نايەت ئۆتكۈزگەن - ئۆتكۈزمىگەن ياكى ئەرز قىلىنغۇچى-
نىڭ قىلمىشى دوست - دۈشمەن زىددىيىتىگە ياتىدىغان-
ياتمايدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قانۇننى تەدبىقلاشتا پۈ-
تۈنلەي باراۋەر بولىدۇ، مانا بۇ قانۇن ئالدىدا باراۋەر
بولۇشتۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا، قانۇنغا خى-
لاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا، ئۇنىڭ
كەسپى، سالاھىيىتى، ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن ئالدى-
دا باراۋەر بولۇپ، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، سۈرۈش-
تۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ،
قولغا ئېلىشقا تېگىشلىكلىرى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنى-
دۇ، ئەيىبلەشكە تېگىشلىكلىرى قانۇن بويىچە ئەيىبلىنىدۇ،
جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىكلىرى قانۇن بو-
يىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بو-
لۇش، ئەنزە ئىشلەشتە ئادەمگە قارىماستىن پاكىتقا قاراش
كېرەك.

مەملىكىتىمىز تارىخىدا فېئوداللىق تۈزۈم ئۇزۇن
مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەچكە، مۇستەبىتلىك ۋە دەرىجە ئىم-
تىيازلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر، بە-
زىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى چوڭقۇر يىلت-
تىز تارتىپ كەتكەن، شۇڭا قانۇن - تۈزۈمگە ئەھمىيەت
بەرمەيدۇ، ھەتتا «قانۇن - تۈزۈمگە سەل قارايدۇ»، «سۆز-
نى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ». شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ

ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا شەخسىي ئىمتىيازغا قارشى
تۇرىدىغان ماددىلار ئېنىق بەلگىلەنگەن، قانۇننى تەدبىق-
لاشتا باراۋەر بولۇش بىلەن ئىمتىيازغا قارشى
تۇرۇش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
كادىرلىرى قانۇننىڭ ئىجراسىغا نازارەت قىلىدىغانلار بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، شۇڭا ئۇلار ئۆچكە
سادىق بولۇشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، يەنى
ھەقىقىي پاكىتقا سادىق بولۇشى، قانۇنغا
سادىق بولۇشى، سوتسىيالىزمغا سادىق بولۇشى كېرەك. سىيا-
سىي قانۇن كادىرلىرى پۈتۈن نىيەت - پۈتۈن ۋۇجۇدى بى-
لەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىشى، قورقماس ئىنقىلابىي روھىنى
تۇرغۇزۇشى، ھەيۋىدىن قورقماسلىقى، شەخسىي يۈز - خا-
تىرە قىلماسلىقى، قانۇننى ئېگىلمەي سۇنماي ئىجرا قى-
لىشى، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت
قىلىشى ۋە كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇشى، قانۇن بولغا-
نىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئاساسلىنىشى، قانۇننى ئىجرا قى-
لىشتا قەتئىي بولۇشى، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى چو-
قۇم سۈرۈشتۈرۈشى، قانۇن جەھەتتە نازارەت قىلىشنى ھە-
قىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى، قانۇننى تەدبىقلاشتا باراۋەر بو-
لۇشقا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشى، قانداق پۇقرا بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، ئۇنى چو-
قۇم جازالىشى، ھەر قانداق پۇقرانىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتى-
نى باراۋەر قوغدىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، كىشى-
لەرنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، قانۇنچىلىق كۆزقا-
رىشىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

### 3. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش پرىنسىپى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 27 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا: «بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرى خەلقنىڭ قوللىشىغا تايىنىشى، خەلق بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ تۇرۇشى، خەلقنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشى، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى خىزمەت ئىشلەشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى شەرت. خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 7 - ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا: «خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمەت داۋامىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئاممىۋى لۇشيەننى ئىجرا قىلىشى، ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، دەلىل - ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئېغىز ئىقرارىغا ئاسان ئىشىنىپ كەتمەسلىكى، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشنى چەكلىشى، دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا پەرقلەندۈرۈشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بىر مۇكەممەل خىزمەت لۇشيەنىدۇر، بۇ لۇشيەن ئوخشاشلا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇ، سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى ئاممىۋى

لۇشيەن بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈ-
رىدۇ. ئۇ مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ: بىرىنچى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيە-
سى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىنغان، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەنگەن ئىدىيەۋى لۇشيەن. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ چۈ-
شەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقەت دېگىنىمىز، ئوبيېك-
تىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىنى كۆرسىتىدۇ.
ئىزدەش دېگىنىمىز، تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ،
ھەقىقەت — شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىدۇر.
يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش
ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شەيئىلەرنىڭ
ئىچكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بايقاش ۋە بىلىش دېمەك-
تۇر. ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى-
دۇر. بىز ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە خىزمەت
ئىشلەشتە، مۇشۇ توغرا ئىدىيەۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشى-
مىز لازىم. ئىككىنچى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش،
ئېغىز ئىقرارىغا ئاسان ئىشىنىپ كەتمەسلىك، ئۇنداق قى-
لىنمايدىكەن، خاتا ئەنزە تۇغۇلۇپ، دۈشمەن قولدىن چى-
قىپ كېتىشى، ياخشى ئادەملەر قاخشاپ قېلىشى مۇمكىن.
ئۈچىنچى ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش، ئاممىنىڭ
نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، جىنايەتچىلەر ئەنزە تۇغدۇرسا،
خەلق ئامىمىسىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەنزە
ئىشلىگۈچىلەر ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىدىكەن، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنلىقىنى ساقلاپ
قالىدىكەن، ئاممىنىڭ توغرا پىكرىنى ئاڭلايدىكەن، ئۇ ھال-
دا دوست بىلەن دۈشمەننى چوقۇم ئېنىق ئايرىيالايدۇ،

ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنالايدۇ. ناۋادا خاتا ئەنزىلەر يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، سوت قىلمىشنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە، ئۇنى تۈزىتىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا بۇ ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك، بىرىگە ئېغىپ، بىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ئورگانلىرى ئەنزە ئىشلەش جەريانىدا، چوقۇم ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تايىنىشى، ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئاممىۋى لۇشيەن پرىنسىپىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

### 4. مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا ئائىت پرىنسىپلار

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 134 - ماددىسى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 6 - ماددىسى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 47 - ماددىسىدا، ھەر قايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ دەۋالىشىشى ھەققىدىكى پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە شۇ جايدىكى ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىق ئارقىلىق ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ، دەۋالىشىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. شۇ يەردە ئورتاق ئىشلىتىلمەيدىغان تىل بىلەن دەۋاغا قاتناشتۇرغۇچىلارغا

تىلىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشى لازىم. قانۇن ۋە ھۆججەتلەرنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ يەردە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل يېزىق بىلەن چىقىرىشى لازىم. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىپ، دەۋالىشىش ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە قانۇن ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوندا ئورتاق قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق بىلەن چىقىرىلدى. بۇ، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنىڭ تولۇق گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ دەۋا جەريانىدىكى قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىنغانلىق. بۇمۇ ئەنزىلەرنى سوت قىلىش، تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ، بۇ شەرتنى ھازىرلاش ھەم ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ سوت قىلىش، تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە نازارەت قىلىشقا ۋە ئەنزە ئىشلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ بىر تۇتاشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە نىسبەتەن يالغۇز 4 - ماددىدىلا بەلگىلىمە بەلگىلىنىپ

قالماستىن، بەلكى بىرىنچى بابنىڭ 10 ـ ماددىسىدىمۇ بەلگىـ
لىمە بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مىللىـي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىـرى شۇ
جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىـش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ»
49 ـ ماددىسىدا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر
مىللەت كادىرلىرىغا بىر ـ بىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگـ
ىنىشى ھەققىدە تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىدۇ. خەنزۇ
كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ
يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىـ
رى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشـ
لىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدـ
ىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىـ
شى لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى دۆلەت خاـ
دىملىرىدىن شۇ جايدا كەڭ قوللىنىدىغان ئىككى خىلدىن
ئارتۇق تىل ـ يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلەرنى مۇكاپاتـ
لاش لازىم.» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ
بۇ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىـش
مەھكىمىلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئۆز ئارا تىل-يېزىق
ئۆگىنىشى لازىم، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىدىغان ئىككى خىلدىن
ئارتۇق تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئەنزە ئىشلەش
سۈپىتىنى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشكە،
قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق.

# سەككىزىنچى باب

# مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

## 1 — پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتىكى تۈپ قانۇن، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەشتىن ئىبارەت. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر مەسىلىلەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىش لازىم.

### 1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ۋە مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ قۇرۇلمىسى

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، چوڭ جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش،

كىچىك جەھەتتىن، تۈپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، گىرەلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار ئاساس قىلىنىپ، شۇ جايدىكى مىللىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە تارىخىي ئەھۋاللار كۆزدە تۇتۇلۇپ بەرپا قىلىنغان. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى مۇقەررەر.

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەردىن قارىغاندا، خېلى كۆپ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرلىشىپ بەرپا قىلغان. توغرا لىنىيە بويىچە قارىغاندا، چەننەن بويىزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ - قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، لىيەنشەن جۇاڭزۇ-ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، يۈەنجياڭ خانىزۇ-يىزۇ - دەيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. تىك لىنىيە بويىچە تەھلىل قىلغاندا، يەنە بىر خىل تەۋەلىك مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تەۋەسىدە بىر دەرىجە تۆۋەن ئاپتونومىيىلىك جايلار بار. بۇ خىل ئەھۋالغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە بەش ئاپتونوم ئوبلاست بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئاپتونوم ئوبلاست ئاپتونوم ناھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئىككىنچى، ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا

تېررىتورىيىسىنىڭ ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويغان مىللەتتىن باشقا، يەنە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ياكى كىچىك جەھەتتە توپلىشىپ تولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە (ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)نى يولغا قويغان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىۋە، تاجىك قاتارلىق يەتتە مىللەتتىن باشقا، يەنە ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، رۇس قاتارلىق 39 ئاز سانلىق مىللەتمۇ ئولتۇراقلاشقان. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ۋە كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر تەركىبى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەركىبى ئومۇمىي سانىنىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا كەلسەك، بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوخشاشمايدىغىنى پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبى سان جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا خەنزۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم سانىدا خەنزۇلار ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس تەركىبىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالنى بەش ئاپتونوم رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ نىسبىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بەش ئاپتونوم رايوندا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى (ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەرىجىلىك جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-

مايدۇ) يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى، خەنزۇلارنىڭ نوپۇس سانى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ جاينىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى:

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا، 13.9 پىرسەنت، 83.5 پىرسەنت ۋە 2.6 پىرسەنت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، 45.5 پىرسەنت، 40.5 پىرسەنت ۋە 14.1 پىرسەنت.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا، 33.8 پىرسەنت، 61.7 پىرسەنت ۋە 4.5 پىرسەنت.

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا، 31.7 پىرسەنت، 68.1 پىرسەنت ۋە 0.2 پىرسەنت.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا، 94.4 پىرسەنت، 4.8 پىرسەنت ۋە 0.8 پىرسەنت.

باشقا ئىككى دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس تەركىبى بىلەن ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس تەركىبى ئەھۋالى ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. شىزاڭ تىپىدىكى (تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نوپۇس سانى شۇ جاينىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان) ۋە ئىچكى موڭغۇل تىپىدىكى (تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نوپۇس سانى شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئازراقىنى ئىگىلەيدىغان) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. شىنجاڭ - گۇاڭشى نىڭشيا تىپىدىكى (تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نوپۇسى شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ

تەخمىنەن 30 — 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىر قەدەر كۆپ. بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدىكى 120 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس ئىچىدە، خەنزۇلار تەخمىنەن 70 مىليوندىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. باشقا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ياكى كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا شۇ جايدىكى نوپۇس سانىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن ئاشمايدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ نوپۇس تەركىبىنىڭ تەكشىسىزلىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ مۇھىم ئاساسى، شۇنداقلا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.

**2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى**

تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، مىللىي ئېزىش تۈزۈمىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات تەكشى

بولماي كەلدى، سەۋىيە جەھەتتە ناھايىتى چوڭ پەرقلەر ساقلاندى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى مەسىلەن، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەرمۇ ناھايىتى زور بولدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا ئوخشاشلا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ئىگىلىككە قەدەم قويغاندىن باشقا، خېلى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر فېئودال پومېشچىك، چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ساقلاپ قالغان، بەزىلىرى تېخى قۇللۇق تۈزۈم، يانچىلىق تۈزۈم، ھەتتا باشلانغۇچ كوممۇنانىڭ قويۇق تۈسى بولغان دەۋرىدە ياشاۋاتاتتى. مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، تىل - يېزىقنى ئالساق، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندا، 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە پەقەت موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق 13 مىللەتنىڭ بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىدىغان يېزىقى بار ئىدى. مياۋزۇ، يىزۇ، لىسۇ، ۋازۇ، ناشى قاتارلىق سەككىز مىللەتنىڭ گەرچە يېزىقى بولسىمۇ، ئەمما ئانچە ئىشلەتمەيتتى ياكى بۇ يېزىقلار مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 30 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تېخى يېزىقى يوق ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئارقاننى چىگىپ قويۇش، ياغاچقا ياكى بامبۇكقا ئويۇپ قويۇش، قوناق، سېرىق پۇرچاق ساناش قاتارلىق ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ئىش خاتىرىلەيتتى. تىل جەھەتتە، خۇيزۇ، مانجۇ ۋە شېزۇلار خەنزۇ تىلىنى ئورتاق قوللانغاندىن باشقا، 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئۆز تىلىنى قوللىناتتى. ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادقا كەلسەك، بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەر

دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ھەر قايسى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

بۇلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق سان - سېفىرلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1952 - يىلى 5 مىليارد 790 مىليون يۈەن ئىدى، 1982 - يىلى 56 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 876.6 پىرسەنت ئاشقان. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1952 - يىلى 4 مىليارد 650 مىليون يۈەن ئىدى، 1982 - يىلى 28 مىليارد 1 يۈز مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 504.3 پىرسەنت ئاشقان، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1952 - يىلى 1 مىليارد 140 مىليون يۈەن ئىدى، 1982 - يىلى 28 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 2390.4 پىرسەنت ئاشقان. مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952 - يىلى 2900 نەپەر ئىدى، 1982 - يىلى 53400 نەپەرگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 1741.4 پىرسەنت ئاشقان، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952 - يىلى 92000 نەپەر ئىدى، 1982 - يىلى 1 مىليون 873 مىڭغا يېتىپ، 1952- يىلدىكىدىن 1935.9 پىرسەنت ئاشقان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952- يىلى 1 مىليون 474 مىڭ 200 نەپەر ئىدى. 1982 - يىلى

8 مىليون 238 مىڭ 600 نەپەرگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 458.8 پىرسەنت ئاشقان. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952 - يىلى 623 نەپەر ئىدى، 1982 - يىلى 9150 نەپەرگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 1368.7 پىرسەنت ئاشقان. ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952 - يىلى 2700 نەپەر ئىدى، 1982 - يىلى 112 مىڭ 600 نەپەرگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 4070.4 پىرسەنت ئاشقان. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1952 - يىلى 59800 نەپەر ئىدى، 1982 - يىلى 343 مىڭ 200 نەپەرگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 473.9 پىرسەنت ئاشقان.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەرەققىيات خېلى تېز بولغان، ئەمما پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا مەلۇم پەرق مەۋجۇت. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ 1982 - يىللىق سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى شۇ يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 6.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر ئاز يۇقىرى بولۇپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى 10.1 پىرسەنتكە يەتكەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 5.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە، نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن

38.3 پىرسەنت تۆۋەن ئىكەن، تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 31.5 پىرسەنت تۆۋەن ئىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 14.6 پىرسەنت تۆۋەن ئىكەن. يالغۇز بۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىمۇ يەنىلا تەكشىسىزلىك مەۋجۇت. بۇنى دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى مىليوندىن ئاشىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى مىليوندىن ئاشىدىغان 15 ئاز سانلىق مىللەتتىن ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سانى 60 دىن ئاشىدىغانلار چاۋشيەن، موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن ئىبارەت، ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سانى 20 بىلەن 30 ئارىلىقىدىكىلىرى بەيزۇ، ئۇيغۇر، دوڭزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن ئىبارەت، ئەمما ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سانى 15 كە يەتمەيدىغانلىرى زاڭزۇ، مياۋزۇ، يىزۇ، بۇيىزۇ، ياۋزۇ، تۇجيا ۋە خانى قاتارلىق مىللەتلەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى تەكشىسىزلىك، شۇنىڭدەك ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردە مەۋجۇت بولىۋاتقان پەرقلەر بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋالدۇر.

### 3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپ خىللىقى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا مىللەتلەر تەركىبىنىڭ ۋە مىللەتلەر ئاھالىسى قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇشى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەڭسىزلىكى ۋە ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل مۇرەككەپلىك ۋە كۆپ خىللىق تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتىكى كۆپ قاتلاملىق؛ ئىككىنچى، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى ئۆزئارا سىڭىشچانلىق؛ ئۈچىنچى، مىللىي تەركىب جەھەتتىكى تور شەكىللىك ئالاقە. بۇنىڭ ئىچىدىكى تور شەكىللىك ئالاقىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئەھۋال بار:

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل مىللىي مۇناسىۋەت. چۈنكى خەنزۇلار ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئوندىن يەتتە قىسمىدا خەنزۇلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ

مۇناسىۋەت يەنە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرخىلى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنە بىر خىلى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى.

ئىككىنچى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل مىللىي مۇناسىۋەت. مەملىكىتىمىزدە ھازىر بار بولغان 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 67 مىليون ئاھالىسى ئىچىدە تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئاھالە چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ھالدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، يەنە تۆتتىن بىر قىسىم ئاھالە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئارىلىشىپ، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە بۇ خىل ئارىلىشىپ، تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش تەدرىجىي كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئارىلىشىپ ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 1980 - يىلىدىكى 14 مىليون 740 مىڭدىن كۆپىيىپ 1982 - يىلى 17 مىليون 160 مىڭغا يەتكەن. ئارىلىشىپ، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ نىسبىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا 1980 - يىلىدىكى 23.8 پىرسەنتتىن ئېشىپ، 1982 - يىلى 25.5 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇ خىل مۇناسىۋەتمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى؛ يەنە

بىرى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى.

ئۈچىنچى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ خىل مۇناسىۋەت بىر قىسىم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىلا مەۋجۇت. بۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى بىرلىشىپ يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، بۇ خىلدىكىلەر مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 24.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر خىلى، مەمۇرىي جەھەتتە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولغان رايون، ئوبلاست، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە بويىچە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، بۇ خىلدىكىلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 37.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كېيىنكى بىر خىل ئەھۋالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە.

تۆتىنچى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: مىللىي تەركىبى كۆپ، شۇ مىللەتنىڭ ئاھالىسى ئاز. بۇ خىل مۇناسىۋەتمۇ ئوخشاشلا ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئارىلىشىپ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن كىچىك جەھەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنە بىر

خەلقى ئارىلىشىپ، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىنلا ئىبارەت. ھەربىر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. دېمەك، بۇلار ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىن شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش جەريانىدا، چوقۇم ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشنى، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىشنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆلچەم قىلىشنى، ئۇنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## 2 — پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ «كىرىش سۆز»ى ۋە «ئومۇمىي پرىنسىپ»دا ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مۇناسىۋەتكە

ئالاقىدار تۇپ پىرىنسىپلىرى قايتا تەكىتلەندى. بۇ پىرىنسىپلار مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش پىرىنسىپى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىش پىرىنسىپى، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئورتاق قوغداش پىرىنسىپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەشىنچى بابىدا، يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي تېررىتورىيە دائىرىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشەش توغرىسىدا تېخىمۇ كونكرېت پىرىنسىپاللىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى، بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاساسلىق روھى تۆۋەندىكىچە:

**1. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سىياسىي جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە ۋە ئىتتىپاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 9- ۋە 48 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئىي قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەنئىي قىلىدۇ»، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى

ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغايدۇ.» بۇ بەلگىلىمىلەر — مارك-سىزمنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى بولغان مىللىي بارا-ۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق پرىنسىپىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى نامايەندىسىدۇر. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش — مىللەتلەرنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى چوڭقۇر، ئېنىق كۆرسىتىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى تولۇق كا-پالەتلەندۈرۈلسە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى قوغدالسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ئام-مىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى تولۇق جارى قىلىنىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر خىل ئىشلىرى ئىنتايىن تېز راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاك-تىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقى تەسىرگە ئۇچ-رايدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن، مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، تۈۋەندىكى ئاساسىي خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش لازىم:

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 16 - 17 - 18 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تاشقىرى، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇرۇشلۇق باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ نوپۇسى ئازراق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك. شۇڭا سايلام قانۇنىدا، مەلۇم ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى شۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئون پىرسەنتىگە يەتمەيدىغانلارنىڭ خەلق ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانىدىن ئاز بولىدىغانلىقى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقراسى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىنى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقلىقىنى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقراسىدىن مۇدىرلىقنى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالغانلار بولغاندىن باشقا، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا خادىملىرى ئىچىدە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى ئىچىدە مۇمكىنقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن ۋە باشقا ئاز سانلىق

مىللەت خادىملىرىدىن سەپلەش لازىملىقى بەلگىلەندى. ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بۇ خىزمەتنى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1978 - يىلدىن بۇيان، ئىككى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلىنىڭ نىسبىتىنى ئۆزىنىڭ نوپۇس نىسبىتىدىن ئاشۇرۇپ كەلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ «مۇۋاپىق ساندا» ۋە «مۇمكىنقەدەر سەپلەش» دېگەن بەلگىلىمىلىرى مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى جانلىق نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەر تەركىبىنىڭ ۋە مىللەتلەر ئاھالىسى قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇ بەلگىلىمىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلغانلىقى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىن بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ھوقۇقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 50-ماددىسىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەملىشىپ،

مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ياكى مىللىي يېزىلارنى قۇرۇپ بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-نىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايى-دىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىل-لەتلەرگە ياردەملىشىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ياكى مىللىي يېزىلارنى قۇرۇپ بېرىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى توپلىشىپ ئول-تۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان تۈپ تەدبىر، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى يەنە مۇھىم بىر مەزمۇن، شۇنداقلا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ. چۈنكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جاينى ياكى مىللىي يېزىنى قۇرسا، توپلىشىپ ئولتۇ-راقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تېخىمۇ تولۇق يۈرگۈزەلەيدۇ. خوجايىنلىق ھوقۇقى باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ تۈپ نامايەندىسىدۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بۇ بەلگى-لىمە دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشتەك ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن، ئۇ، ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكىنى

ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىرتۇتاشلىق بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇكەممەل بىرلەشكەنلىكىدۇر، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قارشى ئېلىشىغا چوڭقۇر سازاۋەر بولىدۇ.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدا تارقىلىپ ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى، شۇنىڭدەك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن تارقىلىپ ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتتىن باشقا، يەنە كۆپلەپ ئارىلىشىپ ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەر بار، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان يەتتە مىللەتتىن باشقا، ئارىلىشىپ ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان يەنە 40 مىللەت بار. باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلاردىمۇ ئەھۋال مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئارىلىشىپ ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئاز-كۆپلىكى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا ئۆز جايىدا ئارىلىشىپ ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر

تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار (مەسىلەن: «تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارار») دىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھالدا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتتىكى باراۋەرلىك ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا، مەسىلەن، خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى ۋەكىلى ۋە ئەزاسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى كېرەك؛ ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئەركىنلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئاپتونومىيىلىك جايلاردا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-

نىنىڭ 52- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئۇلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى لازىم. بۇ بەلگىلىمىدە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا بولغان كاپالىتى تولۇق نامايان قىلىنغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 33-ماددىسىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى تارماقلىرىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر». «ھەر قانداق پۇقرا ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئىككى بەلگىلىمىدە مەملىكىتىمىزنىڭ پۇقرالىرى مىللىتىگە، ئىرقىغا، جىنسىگە، كەسپىگە، ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا، دىنىي ئېتىقادىغا، بىلىم دەرىجىسىگە، مال-مۈلۈك ئەھۋالىغا، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، ھەممىسى باراۋەر ھالدا ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. دېمەك، بۇ، پۇقرالار ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشتا باراۋەر، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتىمۇ باراۋەر دېگەن سۆز. شۇڭا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ھەمدە ئۇلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى ماھىيەتتە ئۆز جايىدىكى ھەر

مىللەت پۇقرالىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىدۇر.

تۆتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 51- ماددىسىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىشى، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم. بۇ بەلگىلىمىدە مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ پرىنسىپال روھى تولۇق نامايان قىلىندى، ئۇ، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ كونكرېتلىشىشىدۇر.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئەمگەكچان، باتۇر ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتلەر سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ باراۋەر بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنى. شۇڭا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك. بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلغانلىق ھەم مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق روھىنى نامايان قىلغانلىق بولىدۇ.

ھەر مىللەت خەلقى ئوخشاش بىر جايدا ئۇزاق مۇددەت تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابرويلۇق ۋەكىللەر ئۆز مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە رېئال

ئەھۋالىنى ئۆز ئارا بىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق مۇددەت بىللە بولۇش جەريانىدا يەنە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ۋە ئۆزئارا ئاڭلىق ئەمەل قىلىدىغان نۇرغۇن ئادەتلەرنى، مەسىلەن، بار مەسلىھەت ئىش قىلىدىغان، ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان، ئۆز ئارا يول قويىدىغان ئادەتلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئادەتلەر تارىختا ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ئۇلار تالاش- تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «تەبىئىي قائىدە» ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى دەل يۇقىرىقى تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئەينىكى ۋە يەكۈنى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي توغرا. شۇڭا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، چوقۇم ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭەشىشى، ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولغىلى، مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ «كىرىش سۆز»، «ئومۇمىي پرىنسىپ» ى ۋە 48-، 53- ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى-
نىڭ ئەتراپىغا جەلپ قىلىشى لازىم. بىر تەرەپتىن پارتىي-
يە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، بۇيرۇقلىرىنى
ئاممىغا ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ
پىكىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى، ئۇلارنىڭ تەجرىبە ۋە ئە-
قىل-پاراسەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاكتىپلىقىنى، تەشەب-
بۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى قوزغاپ، ئۆز جايىنىڭ
تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنە
ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل يوللار ئارقى-
لىق، مەسىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش
يىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتى ئېيى، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئۆز
جايىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت
كادىرلىرىغا تەربىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئور-
تاق قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزىنىڭ كۆز قار-
چۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى لازىم. ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا، ئاممىسىغا تەربىيە بېرىپ
مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نىنىڭ كادىرلار يىغىنىدا ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش توغرى-
سىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە نۇقتا بويىچە ئىش قىلىش
كېرەك: (1) ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆ-
رۈش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىش لازىم؛(2) مەسى-
لىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىش
ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئېغىر بې-
سىقلىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىش كېرەك؛ (3) قارشى

تەرەپنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا ئاكتىپ ياردەم بېرىش لازىم؛ (4) كەمچىلىك بولىدىكەن سەممىيەتلىك بىلەن ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا كۆپ سىردىشىشنى، كۆپ پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەدېگەندىلا پرىنسىپقا كۆتۈرمەسلىك كېرەك؛ (5) كەمچىلىك، خاتالىقلارنى سىردىشىش ئازقىلىق توسۇش، ئاڭلىمىسا تەنقىد قىلىش، كەسكىن مۇئامىلە قىلىش لازىم؛ (6). ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن زىيان تارتىشنى خالايدىغان روھ بولۇش كېرەك، جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. بۇ ئالتە نۇقتا ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلسا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشى، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇشى لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، باشقا چوڭ مىللەتچىلىككىمۇ ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم. چۈنكى بۇ خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز، ئەمما ھەممىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىگە ئىگە، ئۇنى دېموكراتىك ئۇسۇلنى، سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەل قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى تۇرمۇش دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى دوست-دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارىدا

بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئۇمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولىدۇ. دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن، ئۇ باشقا بىر خىل خاراكتېرلىك مەسىلە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا ئۇنى تەنقىد قىلىش ئەمەس، بەلكى قانۇننى ئۆلچەم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**2 ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.**

ماركس، ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىچكى ئالاقىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق. بۇ قائىدىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان. ھالبۇكى، بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىچكى تۈزۈلۈشىمۇ ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋە ئىچكى تاشقى ئالاقىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.»① بۇ پرىنسىپ مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي گۈللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ئېچىپ بەردى. يەنى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. ئەمما ھەر بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 42 - بەت

ئىلغارلىقى بەلگىلەنگەندىن باشقا، يەنە مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنىڭ راۋاجلىنىش ئەھـ
ۋالى بەلگىلەيدۇ. بۇ پرىنسىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپـ
تونومىيە قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە ھەر قايـ
سى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋەـ
تىنى تەڭشەشتە بىۋاسىتە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. تاـ
رىختىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي ئاپتونوـ
مىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنى ئىقتىسادى؛
مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان خەنزۇلار رايونىغا سېلىشتۇرـ
غاندا، تەرەققىياتى ئومۇمەن بىر قەدەر ئارقىدا قالغان.
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر قايسى ئاز سانـ
لىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەـ
رەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس. بولۇپمۇ چەت-ياقا جايلاردا ۋە
سوغۇق تاغلىق رايونلاردا ياشاۋاتقان بەزى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەقـ
قىياتى تېخىمۇ ئاستا. تارىختا پەيدا بولغان بۇ پەرقلەر مىلـ
لەتلەر ئوتتۇرىسىدا گۇمان ۋە سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغان
سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايـ
لاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەش، مىللەتلەرـ
نىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا ساقـ
لىنىۋاتقان پەرقلەرنى قەدەممۇ قەدەم كېچىكلىتىپ ۋە تۈـ
گىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭـ
دىكى ئەڭ تۈپ يول — ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرـ
نىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى
تېزلىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن:

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ

ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەن-
تەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تەشكىللاتچىلىق قى-
لىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەر-
نىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا
تەشكىللاتچىلىق قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى — تارىختىن
قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان پەرقنى كىچىكلىتىشنىڭ مۇ-
ھىم تەدبىرلىرىدىن بىرىدۇر، شۇنداقلا ئاپتونومىيە ئورگانلى-
رىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ۋە باشقا قانۇنلار-
دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايلىرى-
نىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئىشلى-
رىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزگەندە، باشقا ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئار-
قىدا قېلىشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى ئۆزى-
نىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇشى ھەمدە ھەقى-
قىي يولغا قويغىلى بولىدىغان بەزى ئالاھىدە تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلى-
شى لازىم. مەسىلەن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيى-
لىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق، ئالاقىدار
نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش؛ پىلانلىق ھالدا چەت-يىراق
جايلاردىكى ۋە تاغلىق سوغۇق رايونلاردىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر خىل
ئىختىساسلىق خادىملار ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش؛
نامزات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، پەن-تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش؛ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ۋە دۆلەت باشقۇرۇدىغان ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، يۇقىرىقى جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ بېرىش... ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلسا، شۇ جاينىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوقۇم يەنىمۇ كۈچىيىدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ چوقۇم ياخشىلىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ئاممىسىغا ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت «تۆت ئۆز ئارا» روھىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى لازىم.

«تۆت ئۆزئارا» سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى. تۆت ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە، ئۆز ئارا ئىشىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئارا ئىشەنگەن ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشمۇ ئۆز ئارا

ىشىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى-
ۇر. ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشمۇ مىللەت-
ەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت
ىلىشنى مۇقەررەر ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورى-
ىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى
ەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «تۆت ئۆز ئارا» مۇناسىۋەتنى
ەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي شارائىتىدا مۇئەييەن كونكرېت
ەزمۇنغا ئىگە.

ئۆز ئارا ئىشىنىش دېگەندە، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ە ئاممىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئارا ئىشىنىشى،
اراۋەرلىك ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىشى، ئىناق ئۆتۈشى،
ەممىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى، بارمەسلىھەت ئىش قىلىشى،
ۇماندىن قەتئىي ساقلىنىشى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ھەر مىللەت
ادىرلىرى ۋە ئاممىسى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشى،
اشقىلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە، ئىقتىدارىغا، ئىرادىسىگە ۋە
ىجادكارلىقىغا ئىشىنىش لازىم، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ
ىرىشچانلىقى ئارقىلىق چوقۇم دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ
اتارىغا ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم.

ئۆز ئارا ئۆگىنىش دېگەندە، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىسى قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ
ۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلىشى، قارشى تەرەپنىڭ ئىلغار
ەرىپىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارقىدا قالغان تەرەپلىرىنى
ۆگىتىشى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆز ئارا تىل-يېزىق
ۆگىنىشى، خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىل-
ەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشى، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش،
ىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە قوللىنى-

لىنىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە خەنزۇچە يېزىقىنىمۇ
ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆز
ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا بىر تارماق
ئالاھىدە كىرگۈزۈلدى، يەنى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ شۇ جايدا
كەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىلدىن ئارتۇق تىل-يېزىقنى
پىششىق ئىگىلىگەنلىرىنى مۇكاپاتلاش كېرەك.» بۇ بەل-
گىلىمە ھەر مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا ئۆز ئارا تىل-
يېزىق ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق شەرت-
شارائىت يارىتىپ بەردى. تىل-يېزىق كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقە
قىلىشىدىغان قورالدۇر. ئۆزئارا تىل-يېزىقنى بىلگەندە مىل-
لەتلەر ئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنى
ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر
ئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، مىللەت-
لەر ئارا مۇھەببەتنى چىڭىتقىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتە، بىرىنچىدىن مۇنداق بىر
كۆزقاراشنى ئېنىق تىكلەش لازىم، يەنى مىللەتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى ئۆز ئارا قوللاش ۋە ياردەم ئىلگىرى بولۇشىمۇ
مۇمكىن، كېيىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، كۆپ بولۇشىمۇ مۇمكىن،
ئاز بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ھەممىسى ئورتاق مەنپەئەت
ۋە ئورتاق نىشان ئۈچۈندۇر، ئىككىنچىدىن، ئۆز ئارا
ياردەم بېرىش كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، ئەمما يېڭى
تارىخىي دەۋردە كۈچىنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قويۇش، نامراتلىقنى
تۈگىتىپ باي بولۇش، ئورتاق گۈللىنىش لازىم، ئۈچىنچىدىن،

ئۆز ئارا ياردەم بېرىش جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان مىللەتلەر، بولۇپمۇ شۇ جايدىكى خەنزۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن چوڭراق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، مەجبۇرىيەتنى كۆپرەك ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئاستىراق بولغان چەت يىراق جايلاردىكى ۋە تاغلىق رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشۇشى لازىم. بۇ بىر تەرەپ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چەت، يىراق جايلارغا ۋە تاغلىق رايونلارغا بېرىپ ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەر مىللەت خەلقىنى شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قىزغىن قارشى ئېلىشى ھەمدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاچقۇچىلىرىغا خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى لازىم.

ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش دېگەندە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىغا، ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش دېگەندە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ۋە مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مىللىي مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ، مىللىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولىدۇ.

بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەندە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ مۇھىم بىر خىل دېموكراتىك ھوقۇق بولۇپ، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مىللىي ئۆرپ-ئادەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئۇ ناھايىتى نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى شۇ مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە سەل قاراشنى ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلماسلىقنى شۇ مىللەتنى كەمسىتكەنلىك ياكى ھۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ھەرگىز كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پارچە-پۇرات كىچىك ئىش بولماستىن، بەلكى بىر مىللەتكە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش-كاپالەتلەندۈرمەسلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش-كۈچەيتمەسلىك، مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش-قىلالماسلىققا ئالاقىدار زور پرىنسىپاللىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قېلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى، باشقا قانۇنلاردىمۇ تېخىمۇ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى »نىڭ 147-ماددىسىدا: «قانۇنسىز

ھالدا پۇقرالارنى نورمال دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت-لىرىگە دەخلى يەتكۈزگەن دۆلەت خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى، بۇ، بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت-لىرىگە ھۆرمەت قىلىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-دىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆز ئارا دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىش دېگەندە، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ مۇھىم بىر خىل پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقى بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەمەلىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ. ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلى-دىغانلارمۇ، ئېتىقاد قىلمايدىغانلارمۇ بار. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلىرىمۇ تامامەن ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسلىق 13 مىللەت ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ ۋە پراۋوسلاۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. باشقا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىمۇ ئومۇمەن شۇنداق. بۇ، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنىڭ مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلاردا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋە مىللىي

خاراكتېرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش-قىلالماسلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ھەر قانداق دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەر پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقا بولمايدىغانلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. ھەر مىللەت پۇقرالىرى قەتئىي مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلسا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى چوقۇم ئالغا قاراپ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىدۇ.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، سىرتنىڭكىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىچكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىشى لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئىچكى قىسىمدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقى جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنىمۇ دىققەت قىلىشى، تاشقى جەھەتتىكى ھەر خىل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تاشقى ئالاقىسى ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپلىمە بولىدۇ: بىرى، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگىنى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى (جۇملىدىن مەركىزىي دۆلەت ئورگىنى،

ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ مۇناسىۋەتتە،ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى پائال ماسلاشتۇرۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ شۇ جايغا بولغان رەھبەرلىك رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەر خىل ياردىمىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ياردەمنىڭ ئەمەلىي رولىنى ۋە ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر خىل ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. يەنە بىرى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا (ئوخشاش دەرىجىلىك) يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت بىرلا ۋاقىتتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت ياخشى بولسا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە نىسبەتەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاكتىپ، سالماق پوزىتسىيە ۋە باراۋەر بولۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش روھى بىلەن باشقا جايلار

بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز جايىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىستىك ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى دائىملىق بىر خىل ۋەزىپە قىلىشى لازىم.**

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھەر بىر پۇقرانىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇجايدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىزملىق ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشتىن ئىبارەت «بەشنى سۆيۈش» تەك ئومۇمىي

ئەخلاقىي تەدرىجىي تۇرغۇزۇش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئاكتىپ قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى شۇكى، تەربىيە ئارقىلىق ھەر مىللەت پۇقرالىرىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغداپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەن ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىز ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت، ھەر بىر مىللەت سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ باراۋەر بىر ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنى. ھەر مىللەت پۇقرالىرى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى ئاكتىپ ھالدا ئورتاق قەدىرلىسە ۋە قوغدىسا، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە خوجايىنلىق ئورنى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىمۇ ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا كوممۇنىزملىق تەربىيە بېرىشتىكى مەقسەت، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىدا كوممۇنىزملىق ئۇلۇغ غايە تۇرغۇزۇش ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى

پەللىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەر مىللەت پۇقرالىرىدا ئۇلۇغ كوممۇنىزملىق غايە بولغاندا، ئۇلار ئالغا بېسىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ — يېڭى ئىدىيىۋى سۈپەتكە ئىگە بولغان ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كوممۇنىستىك تەربىيە بىلەن ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە تونۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى كوممۇنىزملىق ئۇلۇغ تۇغ ئاستىغا جەم قىلغىلى ھەممە ئۇنى بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ غايە ئالغا بېسىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋىتى راۋاجلانسا، كوممۇنىزملىق ئۇلۇغ غايىنىڭ بۇرۇنراق ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇقەررەر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، كوممۇنىزملىق تەربىيە بىلەن سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنە ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ۋە باشقا مىللىي مەسىلىگە ئالاقىدار قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ سىياسەت ئاساسىدۇر. پارتىيىنىڭ مىللىي

سىياسىتىنى ئىگىلىسەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ۋە باشقا مىللىي مەسىلىگە ئالاقىدار قانۇنلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى ۋە ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئاڭلىق ئىشقا سېلىپ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بىلەن ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تۈزۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىشى ۋە نامايەندىسىدۇر. شۇڭا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە، ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئاساسىي كۆز قاراشلىرىنى ئۆگىنىشكە، ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ مىللىي باراۋەرلىككە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە دۆلەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتكىلى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىدا مىللىي مەسىلە جەھەتتە ساقلانغان خاتا خاھىش ۋە مىللىي بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگەتكىلى ۋە يەڭگىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، چېتىلىدىغان دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە سىياسىتى، مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىغا بولغان بىرلىكسەپ سىياسىتى، دىنىي سىياسەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ سىياسەتلەر بىر قاتار مۇكەممەل مىللىي سىياسەت سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى بار. ئۇلار ئۆز ئارا سىڭىشىدۇ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ، ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ ۋە مىللىي مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىشەنچىلىك ئاساسىدۇر. ھەرمىللەت پۇقرالىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرسە ۋە ئىزچىللاشتۇرسىلا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىدۇ.

## 3 – پاراگراف مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12 – نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك،

ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش — مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر مەسىلە.» بۇ بايانلار مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىغا بولغان ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مەملىكەت بويىچە 56 مىللەت، 122 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بار. بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 6 مىليون 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 120 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى تەخمىنەن 50 مىليوندىن ئاشىدۇ. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تەڭشەش ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى، ئىتتىپاق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنىڭ

راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت.» بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا بولغان يۈكسەك قانۇنىي يەكۈن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولۇپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان، ئۇ — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي جەۋھىرىدۇر. دېمەك، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزگە ئوخشاش تارىخى ئۇزۇن، زېمىنى كەڭ، مىللىتى كۆپ بولغان دۆلەتتە، دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى چوڭ جەھەتتىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا باغلىق. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، كونا جۇڭگودا گەرچە مىللىي ئېزىلىش ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاشقان ۋە بىرلەشكەن، بىر - بىرىنى قوللىغان مىللەتلەرنىڭ بىرلەشمە كۈچى باشتىن - ئاخىر سالماق قەدەم بىلەن ئاشقان. شۇنداق بولغانلىقتىن دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى قولغا كەلدى. بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق

ئىرىشىشىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشىدىن ۋەئۆز ئارا ياردەملىشىشىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. يەنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتى ياخشى بولسا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت جىددىيلەشسە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل ياخشى تەڭشەش — ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تامامەن بىردەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەتەنىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان، ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايونىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ماسلىشىدۇ. ئۇلار چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم بىر كۈچ. تارىخمۇ قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت مۇشۇ چوڭ قوشۇنلا بولىدىكەن، ۋەتەنىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ۋەتەنىنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ مۇستەھكەم چېگرا سېپىلىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشنى تېزلىتىش

كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ۋە رايونلاردا مىللىي مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش - قىلماسلىق، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇش - بولماسلىق شۇ دۆلەت ۋە رايوننىڭ تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ھەر بىر مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشناش ياكى خاراب بولۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مىللىي مۇناسىۋەت ئابستراكت نەرسە بولماستىن، بەلكى ناھايىتى كونكرېت نەرسە بولۇپ، ئۇ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئالاقىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي مۇناسىۋەت مەلۇم تەرەپ بىلەنلا چەكلەنگەن بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە، ھەممە ساھەلىرىگە سىڭگەن بولىدۇ. ھەر قانداق مىللەت بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن، مۇقەررەر ھالدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەتتا ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق تەرەپلەردىن ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق ئۇچرىشىدۇ ۋە ئالاقە قىلىشىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە قىلىشىش جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولسا، دوستانە ئۆتسە، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشسا، مۇناسىۋىتى قويۇق بولسا، ئۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى رەتلىك بولسا، خەلق ئاممىسى خۇشال - خۇرام، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، جەمئىيەتنىڭ تىنچ،

ئىتتىپاق بولۇشى ۋە ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە لىن بياۋ، جياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىنى زور دەرىجىدە زەخىملەندۇردى، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر زىيان سېلىپ، ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى بىر مەھەل ناھايىتى قالايمىقان قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلمىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە قاراپ باسقان قەدىمى خېلى ئاستا بولۇپ قالدى ياكى توختاپ قالدى، ھەتتا بەزىلىرى ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. بۇ ھەممە كىشى بىلىدىغان ئەمەلىيەت. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي سىياسەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىگەنلىكتىن، دۆلەت ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىققان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكتىن، مىللىي مۇناسىۋەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تىنچ ئىتتىپاق بولدى، مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىپ روناق تاپتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەش — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇش ۋە گۈللەپ قۇدرەت تېپىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر.

### 3. مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ چوڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىدۇر، بۇ ئىككىسى پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ماركسىزمنىڭ پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پرىنسىپىغا ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇش - بولماسلىقى، مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىگە، ھەتتا سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بۇنداق ياكى ئۇنداق، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتى قويۇق بولسا، مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مىللىي مۇناسىۋىتى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلالايدۇ. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر ھالدا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، پۈتكۈل مىللىي مۇناسىۋەتكە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىزم

ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىمۇ مۇقەررەر هالدا ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئىككىسى بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بىربىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى چوقۇم بۇ خىل مۇناسىۋەتنى پۈتكۈل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىن ئىبارەت بۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئويلىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەشنىڭ چوڭقۇر ئەهمىيىتىنى ھەقىقىي تونۇۋالغىلى، بۇ خىزمەتنى پۇختا ئىشلىگىلى بولىدۇ.

يوقىرىقىلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتى كەڭ تەسىرگە ئىگە بىر چوڭ مەسىلە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭغا چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ۋە دۆلەت تۈزۈپ چىققان ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە چوقۇم ئەمەل قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەپ، بۇ ئارقىلىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

# توققۇزىنچى باب

# يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى

## 1– پاراگراف يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم

### 1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش—يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى—كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باش ۋەزىپىسى—تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىش» ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پائال رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، تارىختىن قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات جەھەتتە ساقلانغان پەرقنى قەدەممۇ قەدەم تۈگىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭمۇ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى بىر تۈپ ۋەزىپىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ مۇھىم مەسئۇلىيىتىدۇر. تۈزۈملەشكەن، قانۇنلاشقان بۇ مەسئۇلىيەت ئاساسىي قانۇندا پرىنسىپ جەھەتتىن بەلگىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى 1952-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ۋە 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»لىرىدىمۇ ئۇ مەخسۇس باب قىلىندى. مانا بۇ — مەزكۇر مەسئۇلىيەتنىڭ تۈزۈملەشكەن ۋە قانۇنلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. 30نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە پائال ياردىمى بولمىغان بولسا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بارغىلى بولمايتتى.

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر-
نىڭ تامامەن باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ماركسىزم-
لېنىنىزمنىڭ ئاز سانلىق مىللەت مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلى-
تىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. ماركسىزم سىنىپىي ئېزىش مىللىي ئېزىشنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە، مىللەتلەرنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى يەنىلا ئېزىش بىلەن ئېزىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت. خۇددى ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا كۆرسەتكەندەك: «ئا-
دەمنى ئادەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يوقالسا، مىللەتنى مىل-
لەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارمۇقارشىلىق يوقالسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.» لېنىنمۇ مۇنداق دېگەن: «باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى سىنىپنى يوقىتىشتىنلا ئىبارەت.» سىنىپ يوقالسا، مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي بارا-
ۋەرسىزلىكنىڭ مەنبەسىمۇ تۈپتىن يوقالغان بولىدۇ. ئازاد-
لىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىز مىللىي ئېزىش تۈزۈمىنى تۈپ-
تىن بىكار قىلىپ مىللىي ئېزىشنىڭ مەنبەسىنى ئۈزۈل-كې-
سىل يوقاتتى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تامامەن باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمما شۇنى كۆرسىتىپ ئۆ-
تۈش كېرەككى، سىياسىي جەھەتتىكى، قانۇنىي ئورۇن جەھەت-
تىكى باراۋەرلىك تېخى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ بارلىق

مەزمۇنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىمىز ھەمدە بارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى شەرتسىز ھالدا قوغدايمىز». «مۇتلەق باراۋەرلىك» نىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «مۇتلەق باراۋەرلىك» سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تىل - يېزىق قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما تارىختىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا ماددىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتە يەنىلا خېلى چوڭ پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەت دېمەكتۇر. خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك: «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك يەنىلا بارلىق نارازىلىق ۋە سۈركىلىشنىڭ مەنبەسىدۇر.» ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك ھەل قىلىنمىسا، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى، قانۇنىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىمۇ ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال ياردەم بېرىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان پەرقنى تۈگىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ، ماركسىزمنىڭمۇ مۇھىم پرىنسىپى، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭمۇ ئىزچىل سىياسىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى مەملىكىتىمىزنىڭ

سوتسىيالىستىك تۈزۈمى بەلگىلىگەن. سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي ئېزىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە ئېزىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرايدۇ ۋە كەمسىتىلىدۇ، ئۇلاردا قىلچە هوقۇق ۋە ئەركىنلىك بولمايدۇ. پرولېتارىيات هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى بىر مۇهىم ۋەزىپىسى — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، قانۇنىي جەھەتتە باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە راۋاجلاندۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى هەقىقىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنى دەل سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ماهىيىتى بەلگىلىگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەهبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېهقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ. خۇددى مەركەز رەهبەرلىرى 1984 - يىلى باهار بايرىمىدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە ئېيتقاندەك: «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغىنىغا 35 يىل بولدى، بەش مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. يەنە 20 - 30

يىلغىچە بۇخىل ھالەت يەنىلا ئۆزگەرتىلمىسە، بۇ سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ياخشى بولغان ئىكەن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، ئۇنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولۇشى كېرەكقۇ!» بۇنىڭدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشتە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىملىقى چوڭقۇر شەرھلەنگەن.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا ۋە بايلىقىنى ئېچىشىغا ياردەم بېرىش مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 60 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ، يېرى ئىنتايىن كەڭ، بايلىقى ئىنتايىن مول. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جياڭنەن» دېگەن نامى بار. شىشۇاڭبەننا ۋە خەينەنداۋ — مەملىكىتىمىز بويىچە كاۋچۇك، قەھۋە، قارىمۇچ قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ زىرائەتلىرىنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي. مەملىكىتىمىزنىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورماننىڭ زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ $\frac{1}{2}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى چوڭ ھىنگان تېغى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ زور ئورمان

بازىسى. شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ، چىڭخەي قاتارلىق
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كەڭ يايلاق بولۇپ، ئۇ
چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىق بازىسى ھې-
سابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سۇ ئېنېر-
گىيە بايلىقىمۇ خېلى مول بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سۇ
ئېنېرگىيە زاپىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.
يەر ئاستى كان زاپىسىغا كەلسەك، نېمە دېسە شۇ بار.
ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆمۈر زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئىك-
كىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى قاراماي مەملىكىتى-
مىزنىڭ مۇھىم نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بازىلىرىدىن بىرى
ھېسابلىنىدۇ، خوتەننىڭ قاشتېشى، ئالتاينىڭ ئالتۇنى، گەن-
سۇنىڭ كۈمۈشىمۇ مەملىكەت بويىچە داڭلىق، شىزاڭنىڭ
ئېسىل بورلىرى، گۇاڭشىنىڭ مانگان كانى، شىنجاڭنىڭ
رەڭلىك مېتاللىرى، نىڭشيانىڭ كۆمۈر زاپاسلىرىمۇ خېلى
كۆپ. «گۆھەر ئويمانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان سەيدام ئوي-
مانلىقىمۇ، مەملىكەت بويىچە نامى چىققان قەلەي ماكانى
گېجيولارمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا جايلاشقان.
مەملىكىتىمىز تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ
بېرىشتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مول تەبىئىي
بايلىقتىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇ-
نىڭدىن پايدىلىنىشمۇ ئىقتىسادي تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ
ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتتىكى
ياردىمىدىن ۋە قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى چىقىش قى-
لىشقا، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە، بىر
تۇتاش پىلانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى

ھەم ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى، ھەم دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرتلەردۇر.

**2. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك پرىنسىپ بەلگىلەندى: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مۇناسىۋەتلىك قارارلىرى، بەلگىلىمىلىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.» «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىسىمۇ بولىدۇ.» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بۇ بەلگىلىمىلەر زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مىللىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پرىنسىپىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى كونكرېتلىشىشىدۇر.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئەمەلىيەتنى

چىقىش قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن بويىچە بارلىق خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ ماھىيىتى ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنى، ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىكنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، مەسىلىلەرنى شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە ھەل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ مىللىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئوخشاشلا زور ئەھمىيىتى بار.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىر. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. شۇڭا ئۇ ئىچكى بىرلىككە ئىگە. ئەمما ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي ئەھۋالى تولىمۇ پەرقلىنىدۇ، شۇڭا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا

ئۇيغۇن كەلمىسە، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۇنى جانلىق ئىجرا قىلىشىغا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشىغا يول قويۇش لازىم، بۇنداق قىلىش دىئالېكتىكىغا ئۇيغۇن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇشۇنداق بەلگىلىنىشتىكى سەۋەبلەر:

بىرىنچى، ئۇ تارىختىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن يەكۈنلەنگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان يىللاردا، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ھەر خىل قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلارنى مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مەملىكىتىمىز تارىخىدا زور كۆلەملىك مىللىي تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك تېررىتورىيىنى ئايرىش ۋە تەڭشەش، مەمۇرىي ئورۇن ۋە نامىنى بېكىتىش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلىش شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلدى ھەمدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي ئەزالىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ ئاندىن بېكىتتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا كەلسەك، ئۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلقىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ مەزگىلدە، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز مىللىي رايونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا

قارىتا، ئوخشاش بولمىغان سىياسەتلەرنى قوللاندى، شۇڭا
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ساغلام راۋاجـ
لاندى، كەڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى
ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىسـ
لىسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيدى. بۇ يېڭى جۇڭگونىڭ
كۆدەك ۋاقتىدا غايەت زور قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەـ
لىبە قىلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىـ
سىنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.
ئەمما كېيىن «سول» چىل خاتالىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا،
مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە ئېغىش كېلىپ
چىقتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىـ
لىشتا، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە جايلارنىڭ ئالاـ
ھىدىلىكىگە ئېتىبار بەرمەي، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بىر قاتار
ئۇسۇلىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ھەممىسى «بىر تاـ
ياقتا ھەيدىلىپ»، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر
خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆلىۋالغىلى بولمايدىغان زىيانلار
كەلتۈرۈلدى، بۇ، مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى بىر ئاچچىق
ساۋاقدۇر. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىـ
تېتى مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتىكى
خاتالىقنى تۈزەتتى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى مىللىي راـ
يونلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
مىللىي رايونلارنى يەنە بىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، مەركەزدىكى
جاۋزىياڭ، دېڭشياۋپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ئايرىم-
ئايرىم ھالدا ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، چىڭخەي،
سىچۈەن، يۈننەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى ۋە يەنبيەن، خەينەنداۋ

قاتارلىق كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزدىن
كەچۈرۈپ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، بۇ جايلارنىڭ
مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئائىت
بىرىنچى قول ماتېرىياللىنى بىۋاسىتە ئىگىلىدى. مۇشۇ ئا-
ساستا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي خىزمەت ۋە
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش-
نىڭ بىر قاتار مۇھىم ستراتېگىيىلىك سىياسەت ۋە كۈچلۈك
تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەزگىلدە، مەر-
كىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى يەنە ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ،
شىنجاڭ ۋە يۈننەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە
مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ جايلارنىڭ
ئالاھىدە ئەھۋالى ۋە ئالاھىدە مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە
قىلدى ھەمدە مۇناسىپ ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، شۇ جايلارنىڭ ھەر خىل خىزمەت ۋە قۇرۇلۇش-
لىرىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى توغرا رەھبەرلىك پىرىنسىپىنى تۈزۈپلا قالماستىن،
بەلكى بۇ رەھبەرلىك پىرىنسىپلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ
ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ، دەل بىزنىڭ قىسقى-
غىنا ۋاقىت ئىچىدە «سول»چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى
يېڭىپ، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ
بۇزغۇنچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھەتنى تېز ساقايتىپ،
مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزدىكى ئاچقۇچ.
ھازىر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇ
پىرىنسىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇنلاشتۇرۇلدى،
بۇنىڭ بىلەن مىللىي خىزمەتتە «بىر تاياقتا ھەيدەش»
خاتالىقىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ، يۇقىرى

دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا كىرگۈزۈلدى.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتىلغان رەھبەرلىك پرىنسىپى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى — يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈشىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى كونكرېتلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئادەتتىكى رەھبەرلىك پرىنسىپى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەقسەتلىك ئىش كۆرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، بۇ ئىككى-

سىنى ئورگانىنىڭ ھالدا بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق نۇقتا — ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شۇ جايىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلغىلى، ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆتكەندە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان مەزگىلدە مۇھىم ئىدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ۋە ياردىمى ئارقىلىق، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. چۈنكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى قارار، بەلگىلىمە،

بۇيرۇق ۋە يولىيورۇقلار ئارقىلىق، مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن شۇ جايدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچان-
لىقىنى قوزغايدۇ. بۇ ئىشنىڭ بىرلا تەرىپى، تېخىمۇ مۇ-
ھىم بىر تەرىپى شۇكى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئور-
گانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىنى چۈشىنىشى ھامان چەكلىك بولىدۇ، ئاپتونومىيە
ئورگانلىرى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە شۇ جاي-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەتراپ-
لىق توغرا بىلىدۇ. شۇڭا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئور-
گانلىرى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىگە پۈتۈنلەي
ئىسلاھات روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم، دېمەك،
باش نىشان ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى ئىگىلەپ، كونكرېت
سىياسەت جەھەتتە مۇمكىنقەدەر كەڭ قويۇش، ئاپتونومىيە
ئورگانلىرىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، كۆپ ئاربىلىشىۋالماسلىق كې-
رەك. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار،
بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يولىيورۇقلىرى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەندە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئۇنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشىغا ياكى جانلىق ئىجرا
قىلىشىغا يول قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە ئەھۋال-
غا قاراپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلى-
دىغان ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈپ
چىقىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشكىمۇ يول قويۇشقا بولىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك پرىنسىپى قانۇن-
لاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇ-
قىنى يۈرگۈزۈشى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، شۇڭا
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى
بويىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئې-
لىپ بېرىش ھوقۇقىمۇ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

## 2- پاراگراف يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى

### 1. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردىمىنىڭ مەزمۇنى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەل-
گىلىمىلەرگە ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگان-
لىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قىلىدىغان رەھ-
بەرلىكى ۋە ياردىمى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتە
بولىدۇ:
بىرىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى
خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات
پىلانىنى تۈزگەندە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم.
دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك چوڭ
دۆلەت بولۇپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ
پەرقلىنىدۇ، بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى خەنزۇ رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىغا

ئوخشاشمايلا قالماستىن، ئوخشاش بىر ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئوخشاش
بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ جايلار ۋە باشقا شەرت-
شارائىتلار پەرقلەنگەچكە، ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولۇشى تا-
ايىن. ئۆتكەندە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-
ىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولدى، بۇنىڭدا
اردىتىكى سەۋەبلەردىن باشقا مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى،
ۇ يەردە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا كۆپىنچە ھاللاردا ئەتراپ-
ىق ھەقىقىي تەرەققىيات پىلانى بولمىغان. پىلان تۈزى-
دىغان ئورگان ۋە تارماقلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا مىللىي
اپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا
ەھمىيەت بەرمەستىن، خەنزۇ رايونلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىنى
ىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ،
ەممىنى «بىر تاياقتا ھەيدىگەن،» بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆز-
ۈل - كېسەل ئۆزگەرتىش لازىم. 1983 - يىلى جاۋزىياڭ
ۈڭلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كۆزدىن كۆ-
ۈرگەندە، دۆلەت پىلان كومىتېتىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئاپ-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالا-
ىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات
لانىنى تۈزۈپ چىقىپ، كېلىچەكتە دۆلەتنىڭ ئېچىش
ەم نۇقتىسىنى چوڭ غەربىي شىمالغا يۆتكەش ئۈچۈن
اس سېلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپ ھەر قايسى
للىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك
لەت ئورگانلىرىغا نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك يېتەكچى ئەھ-
يەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك
تونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «يۇقىرى
دىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى خەلق ئىگىلىكى تەرەق-

قىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشىنى توختاتسا بولىدۇ.» بۇنىڭ بىلەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا دادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر خىل ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلىتەلەيدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مالىيە، ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا قاتارلىق تەرەپلەردىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئاساسى ئومۇمەن بىر قەدەر ئاجىز بولغاچقا، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا قاتارلىق تەرەپلەردىن زور كۈچ بىلەن بېرىدىغان ياردىمى بولمىسا بولمايدۇ. 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە قانۇنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى
ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر قاتار
بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: (1) «مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىم تۈرلىرىنى گۇۋۇيۈەن
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى
بويىچە بەلگىلەپ بېرىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار
دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە،
مالىيە كىرىمى مالىيە چىقىمىدىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ مەلۇم
مىقدارىنى يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرىدۇ، يۇقى-
رىغا تاپشۇرىدىغان سانى بىر نەچچە يىلغىچە ئۆزگەرتىل-
مىسىمۇ بولىدۇ؛ كىرىمى چىقىمىغا يەتمىسە يۇقىرى دەرى-
جىلىك مالىيە ئورگانلىرى ياردەم قىلىدۇ.» ئەمەلىيەتتە،
دۆلەت 1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغا قەدەر بولغان تۆت
يىل ئىچىدە، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، گۇاڭشى،
نىڭشيادىن ئىبارەت بەش ئاپتونوم رايونغا ۋە يۈننەن،
گۈيجۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ-
ەك بولغان ئۈچ ئۆلكىگە مالىيە جەھەتتىن 24 مىليارد
500 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم قىلدى. (2) «دۆلەت
ۇرلۇك مەخسۇس مەبلەغلەرنى ئاجرىتىپ، مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت
ۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم قىلىدۇ.»
ەملىكىتىمىز 1979 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغا قەدەر چېگرا
ايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەخسۇس پۇلى ۋە چېگرا
ايون قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم
اسخوتى ئۈچۈن، 1 مىليارد 200 مىليوندىن كۆپرەك پۇل
اجراتتى، بۇنىڭ ئىچىدىن 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئاز
انلىق مىللەت رايونلىرىغا ئىشلىتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا،

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا، كونا ئىنقىلابىي باـ
زىلارغا، چەت ـ يىراق جايلارغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىـ
ياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان جايلارغا ياردەم قىلىدىغان
تەرەققىيات مەبلىغى هەر يىلى 500 مىليون يۈەن بولۇپ،
بۇنىڭ ئىچىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاز سانلىق مىلـ
لەت رايونلىرىغا ئىشلىتىلدى. (3) «يۇقىرى دەرىجىلىك
دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مىللىي سودا سىياسىتىگە
ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سودا، تەمىـ
نات ـ سودا ۋە تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك كارخانىـ
لىرىغا ئېتىبار بېرىدۇ.» دۆلەت مىللىي سودا ئىشلىرىغا
ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، چەت ـ يىراق تاغلىق رايون ۋە
چەت ـ يىراق جايلارغا جايلاشقان چارۋىچىلىق رايونلىـ
رىنىڭ مىللىي سودىلىرىدا پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ
ئۆزىدە بولىدىغان كۆچمە مەبلىغى 80 پىرسەنتنى ئىگىلىسە
بولىدىغانلىقىنى، توپ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىدە
بولىدىغان كۆچمە مەبلىغى 50 پىرسەنتنى ئىگىلىسە بولىدىـ
غانلىقىنى، باشقا كۆچمە مەبلەغنى بانكا تۆۋەن ئۆسۈملۈك
قەرز بويىچە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى، پايدىدىن نىسبەت
قالدۇرۇش جەهەتتىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقىنى، مىللىي
سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدىدىن قالدۇرىدىغان نىسبىتى
50 پىرسەنت بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئادەتتىكى سودا كارـ
خانىلىرىنىڭ پايدىسىدىن قالدۇرىدىغان نىسبىتى ئاران
27 پىرسەنت بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشـ
قا، مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق دېهقانچىلىق، چارۋىچىـ
لىق، ئورمانچىلىق ئالاهىدە مەهسۇلاتلىرىدا ئەڭ تۆۋەن
قوغداش باهاسى يولغا قويۇلىدۇ، مىللىي رايونلارغا ئېهـ
تىياجلىق بولغان ئاساسلىق سانائەت مەهسۇلاتلىرىدا ئەڭ

يۇقىرى چەكلىمە باھا (قوغداش باھاسى) يولغا قويۇلىدۇ،
قوشۇپ بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ كەم قىسمى ئۆلكە،
ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خامچوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنى
دۆلەت تولۇقلاپ بېرىدۇ. (4) مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلى-
رىنى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تەقسىم قىلغاندا، مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئېتىبارغا ئېلى-
شى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە
باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، يۇ-
قىرىغا يۆتكەش پىلانىنى تۈزگەندە، مىللىي تېررىتورىيى-
لىك جايلارنىڭ ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە
ئېتىبار بېرىپ، يۇقىرىغا يۆتكەيدىغان توپ سانىنى ياكى
سېتىۋېلىش - قالدۇرۇش نىسبىتىنى مۇۋاپىق قىلىپ بې-
كىتىشى كېرەك.» (5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «يۇقىرى دەرىجىلىك
دۆلەت ئورگانلىرى مەبلەغ، قەرز، باج ۋە ئىشلەپچىقىرىش،
تەمىنلەش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى بايلىق مەنبە-
لىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يەرلىك سانائەت، قاتناش،
ئېنېرگىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى ۋە ئەنئەنىۋى قول
سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ.»
اجنى مىسالغا ئالساق، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1979 -
يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت چېگرىغا جايلاشقان ناھىيە ۋە

مىللىي ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) نىڭ گوڭشې، دۆي كارخانىلىرىدىن بەش يىلغىچە سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى ئالىمىدى ھەمدە مۇددەت توشقاندا يەنە قىيىنچىلىق بولسا يەنە ئېتىبار بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، ئۈنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سېتىپ بېرىدىغان چاي (مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەمىنلەيدىغان چاي) نىڭ باج نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 20 پىرسەنتتىن 15 پىرسەنتكە چۈشۈردى.

ئۈچىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق ئېچىش، كارخانا قۇرۇش ۋاقتىدا، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، دۆلەت ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشى لازىم.

مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. بۇ مول بايلىقلار ھەم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تولۇق ماددىي ئاساسى، ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت - شارائىتتۇر. ئەمما بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بايلىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىزگە مىللىي مەسىلە جەھەتتىن بەزى يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى، بۇ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-

تۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭدەك كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يىراق مەنپەئىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىق ئېچىشى، كارخانا قۇرۇشى توغرىسىدا ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپ بەلگىلەندى: (1) دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق ئېچىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋاقتىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. (2) يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا قاراشلىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئادەم قوبۇل قىلغاندا، ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن قوبۇل قىلىشى لازىم. (3) يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا قاراشلىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىشى، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تەۋە كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

قىسمەن مەنپەئەتىمۇ ماھىيەتتە بىردەك. ئەمما كونكرېت
سورۇنلاردا مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ، جايلار بىلەن جايلارنىڭ
مەنپەئەتى يەنىلا پەرقلىنىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىنى-
مىسا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدۇ. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىشتا قانداق قىلىپ
دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدىن ئىبارەت
ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى تەڭشەش مەسىلىسى مەۋ-
جۇت بولىۋاتىدۇ. يولداش دېڭ يىڭچاۋ مەملىكەتلىك 6 -
نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، خەنزۇ رايونلىرىنىڭ
ياخشىراق تېخنىكا شارائىتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ مول بايلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىشنى شۇ جاي-
دىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن
بىرلەشتۈرۈش —مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك
دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى ستراتېگىيىلىك فاڭ-
جېن.» يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق ئېچىش، زامانىۋى كار-
خانا قۇرۇش ۋاقتىدا، دۆلەتنىڭ مۇشۇ ستراتېگىيىلىك
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىشى، ئالدى بىلەن شۇ جاي-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا پايدىلىق، ئېكولو-
گىيىلىك مۇھىتنى ساقلاشقا پايدىلىق پىلاننى تۈزۈپ چى-
قىشى لازىم. كارخانا ئېچىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن
شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قوبۇل قى-
لىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سى-

نىپى قوشۇنىنى زورايتىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىش لازىم. مەھسۇلاتلارنى تەقسىم قىلىش، دارامەت تەقسىم قىلىش ۋە باج قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا پايدىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش، دۆلەت پىلانىنى ئورۇنلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جاينىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە يار — يۆلەكتە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، يېقىن ئەتراپىدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتى قىلىشى لازىم. يۇقىرىغا قاراشلىق كارخانىلار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىشى لازىم. بۇ خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئېشىپلا قالماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش بازىسى بولۇپ قالىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ماددىي ۋاسىتىسى بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا پائال ياردەم بېرىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ ھەمدە كۆپ خىل

شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېھتىياج-
لىق ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يۆتكەيدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، كەسپىي خادىملار
ۋە تېخنىك ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش مەسى-
لىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھو-
قۇقىنى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈش -
يۈرگۈزەلمەسلىكىگە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە مۇ-
ناسىۋەتلىك يادرولۇق مەسىلە، شۇنداقلا مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ خاراكتېر-
لىك مەسىلە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى، يې-
تىشتۈرۈش جەھەتتە، پارتىيە ۋە دۆلەت نۇرغۇن خىزمەت-
لەرنى ئىشلىدى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىمۇ غايەت زور
بولدى. 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يولداش
جۇئېنلەينىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدىكى جېڭۋۇيۈەننىڭ
60 - قېتىملىق ھۆكۈمەت ئىشلىرى يىغىنىدا، يولداش
لى ۋېيخەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرىنى يېتىشتۈرۈش سىناق لايىھەسى» ۋە «مەركىزىي مىل-
لەتلەر ئىنستىتۇتى قۇرۇش سىناق لايىھەسى» تەستىقلان-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مەركى-
زىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، جەنۇبىي جۇڭگو مىللەتلەر شۆيۈە-
نى، غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى، غەربىي جەنۇب
مىللەتلەر شۆيۈەنى، يۈننەن مىللەتلەر شۆيۈەنى، گۈيجۇ
مىللەتلەر شۆيۈەنى، گۇاڭشى مىللەتلەر شۆيۈەنى، گۇاڭدۇڭ
مىللەتلەر شۆيۈەنى، چىڭخەي مىللەتلەر شۆيۈەنى، شىزاڭ

مىللەتلەر شۆيۆەنى قاتارلىق ئون مىللەتلەر شۆيۆەنى قۇرۇل-
دى. مۇشۇ ئون مىللەتلەر شۆيۆەنىدىلا ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىدىن 110 مىڭى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ، ئازاد-
لىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بار-
لىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئون ھەسسىگە
تەڭ كېلىدۇ. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاش-
قان ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يەنە 60 ئالىي مەكتەپ، 586
ئوتتۇرا تېخنىكۇم ۋە نۇرغۇن كادىرلار مەكتىپى ھەم كادىر-
لار كۇرسى ئېچىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە
كەسپىي خادىملار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن
باشقا، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت
ئاممىسى ئىچىدىكى ئاكتىپلارنى كادىرلار قوشۇنىغا قوبۇل
قىلىشقا دىققەت قىلىنىپ، زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى تېز يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. تولۇقسىز
مەلۇماتقا قارىغاندا، 1984 - يىلغا قەدەر مەملىكەت بو-
يىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى دۆلەت قۇرۇش ھار-
پىسىدىكى، يەنى 1949 - يىلىدىكى 40 مىڭدىن تەرەققىي
قىلىپ، 1 مىليون 200 مىڭغا يېتىپ 30 ھەسسە كۆپەيدى.
ھازىر مەملىكىتىمىزدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم -
پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، تىببىي داۋالاش -
سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى
بارلىققا كەلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 55 ئاز سانلىق مىل-
لەتنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان كادىرلىرى بار. ھازىر
مەملىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، 31
ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئوبلاست باشلىقى، 86 ئاپتونوم ناھى-
يىنىڭ ھاكىمى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

قويغان مىللەت كادىرلىرىدىن بولدى. يېقىندا ئېلىپ بې-
رىلغان ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، يەنە كادىرلارنىڭ «تۆتلە-
شىش» شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان زور بىر تۈركۈم ئوت-
تۇرا ياش ۋە ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇ-
رۇلمىسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1983 -
يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ
چىققان ھەر خىل كەسپىي - تېخنىكا خادىملار، جۈملىدىن
ئىنژېنېر، ئاگرونوم، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ھەر خىل
تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن كەسپىي — تېخنىكا
خادىملىرى 700 مىڭغا يەتتى، بۇ، ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 30 نەچچە
يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئا-
يال كادىرلارمۇ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئىچى-
دە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلار
بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئايال دوختۇر، ئايال ئىنژېنېر،
ئايال ئوقۇتقۇچى، ئايال يازغۇچى، ئايال ئۇچقۇچى، ئايال
سەنئەتچى، ئايال سوتچىلارمۇ بار. زور تۈركۈمدىكى ئاز
سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى
مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈپ
ئازاد بولغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر. ئاز
سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلارنى، كەسپىي - تېخنىكا
خادىملارنى ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرىنى زور تۈركۈمدە يېتىشتۈر-
گەندىلا، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى
قىلغىلى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇشمۇ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. تارىخ ئاللىقاچان

ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قو-
شۇنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، ھەر قانداق بوران -
چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. ئۇلار تۆت ئاساسىي
پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن سىياسەتلى-
رىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا
قىلىدۇ، ۋەتىنىنى، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۆز
مىللىتىنىڭ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ،
ئۆز مىللىتىدىكى ئامما بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. ئۇلار
تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىدۇ، جاپالىق ئىشلەيدۇ، ھەر مىل-
لەت خەلقى ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار خەنزۇ
كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىشلەيدۇ، چوقۇم ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشالايدۇ.

بەشىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائا-
رىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، شۇ جايدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيە-
سىنى ئۆستۈرۈشكە پائال ياردەم بېرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت، ما-
ئارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت
خەلقىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە ياردەم بېرىش — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق قىياپىتىنى
دەرھال ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي
مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسى-
دا بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەر بەلگىلەندى: (1) «دۆ-
لەت مىللەتلەر شۆيۈەنلىرىنى ئېچىپ، ئالىي مەكتەپلەردە

مىللىي سىنىپ، مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، نىشانلىق تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ.» (2) ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا تېخنىكۇملار يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتتىن ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى مۇۋاپىق كەڭ قىلىدۇ.»

ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتلەر تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئوخشاش نەتىجىدىكىلەردىن ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، تاغلىق رايونلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتى جەھەتتە دۆلەت ياردەم بېرىشنى ئاساس قىلىش، كوللېكتىپ ۋە ئائىلىلەر بىر قىسمىنى ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. ئىقتىسادى ئالاھىدە قىيىن بولغان جايلاردا دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ. بۇ تەدبىرلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

مائارىپ راسخوتى، ئوقۇغۇچىلارنى سەپلەش ۋە تەربىيىلەش، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىدۇ ۋە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. پەقەت 1981 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل

ئىچىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مالىيىدىن 120 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا بىۋاسىتە ئىشلىتىلدى. 1983 - يىلى دۆلەت مائارىپ قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى 200 مىليون يۈەن كۆپەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 100 مىليون يۈەن كونا ئىنقىلابىي بازىلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ۋە چېگرا رايونلاردىكى نامرات جايلارنىڭ تولۇقسىز مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بېرىلىدىغان ياردەم مەبلىغى قىلىندى. 1984 - يىلى دۆلەت يەنە 50 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، مائارىپ ئاساسى ئاجىز بولغان كونا ئىنقىلابىي بازىلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا رايونغا جايلاشقان، مائارىپى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى يۇقىرى زور بىر تۈركۈم ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى شۇ جايلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئاجرىتىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار شۇ جايلارغا دەرس ئۆتۈشكە ۋە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىشكە دائىم تەشكىللەپ تۇرۇلدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

ئالىي مەكتەپلەرى تەرەققىي قىلىپ 78 گە يەتتى، مىللەتلەر شۆيۈەنلىرى تەرەققىي قىلىپ 11 گە يەتتى. مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 69 مىڭ 300، 2 مىليون 176 مىڭ، 8 مىليون 671 مىڭدىن ئېشىپ، 1952 - يىلىدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 22.9 ھەسسە، 22.7 ھەسسە، 4.9 ھەسسە ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن داشۆگە قەدەر بولغان مىللىي مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەردىلا مەخسۇس ئىشلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇتقۇچىلىرى 1953 - يىلىدىكى 620 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ، 10 مىڭ 790 كىشىگە يەتتى. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

ئالتىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنى سىستېمىلار بويىچە ئۆز ئارا ياردەم بېرىشكە،
ئىقتىسادىي، تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا تەشكىل-
لەش ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى قوللاش يۇقىرى دە-
ىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. پار-
ىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇ-
ىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ خىزمەتكە
ىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1979 - يىلى پارتىيە مەركى-
ي كومىتېتى دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىنىڭ ۋە ئاز سانلىق
ىللەتلەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى،
ىچكى ئۆلكە، شەھەرلەرنى چېگرا رايونغا ۋە ئاز سانلىق
ىللەت رايونلىرىغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە
يۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىچ-
ى موڭغۇلغا بېيجىڭ ياردەم بېرىشنى، گۇيجۇغا خېبېي
ردەم بېرىشنى، گۇاڭشىغا، شىنجاڭغا جياڭسۇ ياردەم بې-
شنى، چىڭخەيگە شەندۇڭ ياردەم بېرىشنى، گەنسۇغا تيەن-
ن ياردەم بېرىشنى، يۈننەنگە، نىڭشياغا شاڭخەي ياردەم
رىشنى، شىزاڭغا پۈتۈن مەملىكەت ياردەم بېرىشنى
لگىلىدى.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەر ئىق-
سادىي ھەمكارلىقنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلى-
ى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىنى
ردى، كۈچ تەشكىللەپ ئۆز ئارا زىيارەت قىلىپ تەك-
رۈش ئېلىپ باردى، ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزدى،
مكارلىق تۈرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، بۇ خىزمەتنىڭ
ەققىياتى تېز بولۇپ، ئۇنىڭدىن دەسلەپكى قەدەمدە ئۈ-
ھاسىل قىلىندى. بۇ خىزمەت ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم

رايون ئوتتۇرىسىدىلا قانات يايدۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆلكە ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان جايلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىلدى. سىچۈەننىڭ چېڭدۇ شەھىرى بىلەن ئابەي زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، چۆگچېك شەھىرى بىلەن گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، دوكو، زىگوڭ شەھەرلىرى بىلەن لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتتۇرىسىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئۈنۈمدىن دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجە قازىنىلدى. 1982 - يىلى چاقىرىلغان ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىش سۆھبەت يىغىنىدا، جايلار 30 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ۋە يولۇققان بەزى سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى يەكۈنلەپ، نۇرغۇن ياخشىلاش پىكىرلىرىنى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا كىرگۈزۈلدى.

ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىستېمىلار بويىچە قىلىشقان ياردىمىنى ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، تېخنىكا جەھەتتىكى ياردەم. بۇنىڭغا ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شە-
ھەرلەردىن ئىلغارراق تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇش
تەجرىبىسى، تېخنىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنى،
يەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خا-
دىملىرىنى تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋ-
يىسى ئومۇمەن بىر قەدەر تۆۋەن، نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى، ھەر يىلى زىيان تارت-
قانىدى. تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق ئىلگىرىلەشى نا-
ھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەسىلەن، شىنجاڭ 1 - ئاۋ-
غۇست پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بۇرۇنقى ئىش-
لەپچىقىرىش، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، پاختا
رەختنىڭ 1 - سورتلۇق مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى ئۇزۇن-
غىچە 40 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىدى. 1980 - يىلى شاڭخەي-
دىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا، پاختا
رەختنىڭ 1 - سورتلۇق مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى تېز
سۈرئەتتە 60 پىرسەنتتىن ئاشتى، باشقا ئىقتىسادىي، تېخ-
نىكا كۆرسەتكۈچلىرىمۇ تۇنجى قېتىم پۈتۈنلەي 1 - سورت-
لۇق سەۋىيىگە كىردى ھەمدە يەنە يېڭى مەھسۇلاتلارنى
سىناق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئىككىنچى، ماددىي ئەشيا جەھەتتە ھەمكارلىشىش،
ئۆزئارا بار - يوقنى ئالماشتۇرۇش. بۇنىڭدا دۆلەت پى-
لانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىككى تەرەپ ئۇسكۇنە، ماتېرى-
بال، خام ئەشيا قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆزئارا بار-يوقنى

ئالماشتۇرۇپ، ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەپ، ئورتاق راۋاجلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

1981 - يىلى ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا جەمئىي 65 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى نېپىز پولات تاختا ماكۇ تۆمۈر، تاختا ئەينەك، خىمىيە سانائىتىگە ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا قاتارلىق كەمچىل ماددىي ئەشيالار يۆتكەپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈننەن ئۆلكىسى دۆلەتنىڭ يۇقىرىغا يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، 20 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى قەلەي، ئاليۇمىن، سىنىك، فوسفور مەدەن، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىقلار بىلەن ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي بىرلەشمە. بۇنىڭدا ئىلغارجايلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇش، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ بايلىقنى ئېچىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1981-يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرىدە ئېچىلغان شىمالىي جۇڭگودىكى بەش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنىدا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىلغار ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇش، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ بايلىق ئېچىش، تولۇقلىما سودا قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەبلەغ سانى نەچچە مىليون يۈەنگە يېتىدىغان كېلىشىم تۈزدى. 1982-يىلى 5-ئايدا، يۈننەن ئۆلكىسى كۈنمىڭدا ئون نەچچە مىنىستىرلىك،

كوممۇنىست، 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون قاتناشقان ئىقتىسات-
دي، تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنى ئاچتى، يىغىندا دەسلەپكى
قەدەمدە تۈزۈلگەن بىرلەشمە كېلىشىم تۈرلىرى 35 كە يەت-
تى، سېلىنىدىغان مەبلەغ 300 مىليون يۈەنگە يېقىن بولدى،
بۇ تۈرلەر چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بىر-
لەشمە تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مۇھىم ئىقتىسا-
دي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى دې-
موكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارمۇ چېگرا رايونلارغا ئەقلىي
ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى، بۇمۇ
ىلغار جايلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ەمكارلىشىشىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇندۇر. پەقەت ئىشچى-
ېھقانلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل، شىنې-
اڭ، نىڭشيا، يۈننەن، شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكە ئاپتونوم
ايونلار بىلەن كېلىشىپ تۈزگەن ئەقلىي ياردەم تۈرلىرى
26 خىلغا يېتىدۇ، بۇ تۈرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى چوقۇم
از سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى پەن-تېخنىكا خادىم-
ىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاز سان-
ىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.
قتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشى-
ى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلى-
دىكى، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ
ز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن سىستېمىلار بويىچە
ردەم بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قا-
ت يايدۇرۇشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-
سادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىرىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قېلىشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشتا، مەۋقەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا قويۇش كېرەك، بۇ، مۇھىم ۋە ئاساسلىق تەرەپ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ئامىل. بۇ ھەقتە ئاساسىي قانۇندا، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشىگە پائال ياردەم بېرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى ھەققىدە مەخسۇس بىر باب كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىگە قارىتا تېخىمۇ كونكرېت، تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى.
ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ماھىيىتى ناھايىتى روشەن، ئەھمىيىتىمۇ ئىنتايىن زور.

بىرىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى» دېگەن باب «ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى» دېگەن بابنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىنغان. مەزكۇر بابنىڭ بېكىتىلىشى ـ پارتىيە

ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مەسئۇلىيەتلەشتۈرۈلىشى ۋە قانۇنلاشتۇرۇلىشىدۇر. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سىياسىتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۇنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇردى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئېتىبارىنى چوڭقۇر نامايان قىلىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىمۇ پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنىڭ دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. مەزكۇر بابتىكى ماددىلارنىڭ سانىدىن قارىغاندا، 13 ماددىدىن كۆپ بولۇپ، «ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى» دىن بىرلا ماددا پەرقلىنىدۇ. بۇ 13 ماددىلىق بەلگىلىمە مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئادەم كۈچى قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش جەھەتتىكى فۇنكسىيىسى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش فۇنكسىيىسىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ۋە كۈچەيتىلىشى مۇقەررەر ھالدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى-
نىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇ-
ناسىۋەتنىڭ كونكرېت نامايەندىسى ۋە زور راۋاجىدۇر. سوت-
سىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ مەزمۇنى — مىللەت-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا
ھەمكارلىقتىن ئىبارەت. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى، تارىختىن قېپ-
قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەر-
سىزلىكنى تۈگىتىشنى ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىر تۈپ
ۋەزىپىسى قىلدى. ھەمدە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىكى ھەر
خىل تەدبىرلەرنى قانۇن ئارقىلىق مۇقىملاشتۇردى، بۇنداق
قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئا-
ساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ كون-
كرېت نامايەندىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي تېررىتوزى-
يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مۇ-
ناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان تۈپ قانۇن، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋە-
زىپىلىرىدىن بىرى — ئۆزىنىڭ ھەر خىل بەلگىلىمىلىرى
ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدە ئاللىقاچان تۇرغۇزۇلغان بارا-
ۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاستىدىكى سوتسىيالىس-
تىك مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش مەسئۇلى-
يىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر دەل مۇشۇ ۋەزىپىنى يې-
ىندىن دەۋر قىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-
نىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە
ياردىمىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز-
دە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تۈپ كاپالىتى ئى-
كەنلىكىنى چوڭقۇر، ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئاساسىي قا-
نۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يۇ-
قىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش-
تىن ئىبارەت بىر قاتار مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بەلگىلىنىشى
سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەل-
گىلەنگەن، ئۇنى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىسى-
دىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەقەت سوتسى-
يالىستىك دۆلەت ئاپپاراتىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىش،
تەشكىللاتچىلىق قىلىش ۋە ياردەم قىلىش فۇنكسىيىسىنى
ھەقىقىي ھازىرلىيالايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت يۇقىرى دەرى-
جىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيى-
لىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىك رولى ئارقىلىق، مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىپ، مىللىي ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىنى پۈتكۈل دۆ-
لەتنىڭ پىلانىغا ۋە يولىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى سوتسىيا-
لىستىك نىشانىنى بويلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە
يېتەكلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق،
ئالىي مەنپەئەتىگە تولۇق جەھەتتىن ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى يەنە ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش،

لىق، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مە-
يەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. چۈنكى
ىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي راۋاجلان-
ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلسە، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىل-
مائارىپى يۈكسەلسە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان
بىي خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلسە، تارىختىن
الغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى با-
رىسىزلىك قەدەممۇ قەدەم ھەل بولىدۇ. تارىختىن قېپ-
غان باراۋەرسىزلىك يوقالغان ۋاقىت مىللەتلەرنىڭ
اق گۈللىنىشى ئەمەلگە ئاشقان ۋاقىت. يۇقىرى دەر-
ك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئاز سانلىق
تلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىشقا قاراپ
شىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. شۇڭا بىر-
ە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتنى
مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ۋە
كاپالىتى دەيمىز.

# ئونىنچى باب

# سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

## -پاراگراف دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت — باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مۇناسىۋەت. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردە مىللىي قانۇن تۈزۈشلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

### 1، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە

لىش يوقىتىلغان هامان، مىللەتنى مىللەت ئې
ىلاتاتسىيە قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.»، «مىل
ىلڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق يو
لسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش مۇناسى
مۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.» ماركس، ئېنگېلسنىڭ
ۇپەسسەل ھۆكۈمى مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن ئىجتىما
تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلى
ى، يەنى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شە
ىنىشى كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان
ىمائىي تۈزۈمنىڭ تۈپتىن يوقىلىشى بىلەن زىچ مۇ
ۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. باشقى
ىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ
للىنىشى ئۈچۈن، ئىككى تۈپ شەرت هازىرلانغان بولۇشى
.. بىرى، كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يو
ن بولۇشى، يەنە بىرى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈش
شىش مۇناسىۋىتى يوقالغان بولۇشى لازىم. بۇ ئىككى
شەرتنىڭ ماھىيىتى بىر، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەر
دىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ
تىدە يوقىتىلغان بولۇشى لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك
ي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپ مەسىلە.
ەنكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئېكسپىلاتات
قىلغۇچىلارنى سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىش ئۈچۈن بىر
ن مۇشكۈل كۈرەش جەريانىنى باشتىن كۆچۈرۈشكە توغرا
ۇ، بۇ جەريان — ئەنە شۇ ھەر قايسى مىللەتلەر ئوت
ىدىكى سوتسىيالىستىك باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق،
ارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريا
. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ

...كىلىنىش جەريانىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس،
قىلىنىدىغىنى، ئۇنىڭغا پەقەت جۇڭگو مىللىي مۇناسىۋىتى
...ەققىياتىنىڭ تارىخىي تامغىسى بېسىلغان، ئۇ ئۆزىگە
...س ئالاھىدە تارىخىي تەرەققىياتقا ئىگە.
دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ
...رىخىي تەرەققىياتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان
...ىدىن باشلانغان، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىس-
...ك ئۆزگەرتىش بىلەن تەڭ تاماملانغان.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ،
...للەتنى مىللەت ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈ-
...مى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، مىللىي باراۋەرلىك
...ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلى-
...شىدەك يېڭى دەۋر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ دېموكراتىك
...ىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مىل-
...لەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىپ قالغان ئېكسپىلا-
...اتسىيە قىلغۇچى تۈزۈلۈك سىنىپلار ئۈزۈل - كېسىل يو-
...ىتىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ
...جايىنىغا ھەقىقىي ئايلاندى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلى-
...غا بولغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى ئۈزۈل-
...سىل ئۆزگەرتىلىپ، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىغا
...مۇمىي مۇلۇكچىلىك دەسسىتىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەر-
سوتسىيالىستىك ھەقىقىي يېڭى مىللەت بولۇپ قالدى.
...نىڭ بىلەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىر-
...ك بولۇش ئاساسىدا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكار-
...قتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئور-
...تىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ
...رسەتكەنىدى: «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش

مىللەتلەر دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆز-
گەرتىش ئارقىلىق، خېلى بۇرۇنلا ئارقا - ئارقىدىن سوت-
سىيالىزم يولىغا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقلىق،
دوستلۇق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت
ئورناتتى.» مانا بۇ دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي
مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا بولغان يۈكسەك خۇ-
لاسە ۋە ئىلمىي يەكۈن، ماركسىزمنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت
توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى.

دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ
شەكىللىنىش جەريانى — سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئۇنى
كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش جەريانى، يەنى سوتسىيالىس-
تىك قانۇنىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى ئۆز-
لۈكسىز تەڭشەش جەريانى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاز سان-
لىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مىل-
لىي ئېزىش تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاپ،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى
خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت-
لەر ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئاز
سانلىق مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد
بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ھەم ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش-
نى قولغا كەلتۈرۈش، ھەم مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى مۇناسىۋەتنى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى ياخشى-
لاپ، ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن
دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان بىر يۈرۈش قانۇن تۈزۈش

پائالىيىتىدە، مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىلدى. مەسىلەن، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» ۋە «ئورتاق پروگرامما» ئاساسىدا تۈزۈلگەن دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنىدا: دۆلىتىمىزدە ھەر قايسى مىللەتلەر باباراۋەر، ھەر قانداق بىر مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىش مەنئىي قىلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزىدىغان ھەركەتلەر مەنئىي قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇنىنىڭ سۆز بېشىدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «دۆلىتىمىز ھەر قايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ئەركىن، باراۋەر بولغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندى.» بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەڭ ئالىي قانۇندا شەرھلىنىشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت يەنە مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان نۇرغۇن مەخسۇس قانۇن ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىدىكى ئاتالغۇ، جاي نامى، ئابىدە، ۋىۋىسكىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مىللىي باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن قىلىش توغرىسىدىكى قارار» قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزدە مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مۇھىم قانۇنلاردۇر. بۇ بىر قاتار مىللىي قانۇنلار مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى ۋە ئىشەنمەسلىكنى تۈگىتىش،

مللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دوستلۇقىنى چىڭىتىش،
ۋلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە
ىسبەتەن غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.
ۋ خىل ئىلگىرى سۈرۈش باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز-
ارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇ-
ناسىۋەتنى قانۇن جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تە-
مىنلىدى.

**2. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ**
**پ ئالاھىدىلىكى**

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى
ڭگونىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا شەكىللەنگەنلىكى
راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئۆزىگە خاس
لاھىدىلىككە ئىگە، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي
ناسىۋىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈپ ئالاھى-
لىككە ئىگە:

1) تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ دۆلىتىمىزدىكى باراۋەر-
ك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك
للىي مۇناسىۋەتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، تۈپ بەلگىسى
سىياسىي ئاساسىدۇر. دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئوت-
سىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق — ھەر
لەت خەلقىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا ئورتاق چىڭ
ۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق،
كارلىقتۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلىتىمىز-
ى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياد-
ۇق كۈچى، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلى-
ىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچىسى، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولالمىغان بولاتتى. باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى بولمىغان بولاتتى. ماركسىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت قىبىلىنامىسى. خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى قوغداش، كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇستەھكەم ئارقا تىرىكى ۋە تۈپ كاپالىتى، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىكى كۈچلۈك قورالى. سوتسىيالىزم — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى مەۋجۇت تۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ھالقا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ سوتسىيالىستىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئىلغار مىللىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2) مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ تەلىپى. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنىڭ ئۆزى ھەرگىز مەقسەت ئەمەس، مەقسەت ياكى تۈپ تەلەپ — مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق، يەنى مىللىي ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئارقىلىق،

للەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە
ۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىدە، سوتسىيالىزم
ۈرى هەرگىزمۇ مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلىياتسىيە بولۇش
ى يوقىلىش دەۋرى ئەمەس، بەلكى ئۇ مىللەتلەرنىڭ
تاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرى. پۈتكۈل سوت-
يالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات نىشانى
ىداق ئىكەن، مۇشۇ دەۋردە تۇرغۇزۇلغان مۇناسىۋەت تە-
ىي هالدا مۇشۇ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم،
ب قارىلىدۇ. بۇ هەقتە يولداش جۇئېنلەي قايتا - قايتا
ىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز هەر قايسى مىل-
لەرگە هەم باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىمىز، هەم ئۇلارنى
لەندۈرۈشىمىز لازىم.»، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا هەم-
لىقى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى ئارقىلىق، ئورتاق را-
لىنىش، ئورتاق گۈللىنىش مەقسىتىگە يېتىشىمىز». لا-
. بۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئارا
كارلىق، ئۆز ئارا ياردەملىشىشنىڭ مىللەتلەرنىڭ گۈل-
ىشى بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشىنى كۆرۈپ يەت-
لىكتۇر. ئەگەر بۇ باغلىنىشنى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش
ىسىدىن كۆزەتسەك، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى
ئورتاق راۋاجلىنىشىنىڭ ئۆزىلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسى-
ى پۈتۈنلەي باراۋەرلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن،
ى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنى-
ى، يەنى «ئورتاق راۋاجلىنىش، ئورتاق گۈللىنىش ئا-
ىدا، ئاساسىي قانۇنىمىزدا تەلەپ قىلىنغان مىللەتلەر
ىقىي باراۋەر بولغان، دوستلۇق ئورناتقان چوڭ ئائىلە
ش» نى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس

ەمەس. مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم
ە ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
ۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەق-
ەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، «ئورتاق» دېگەن سۆزنىڭ
ۆزى مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم
ە ھەمكارلىق دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،ئورتاق
ۈللىنىش — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى، مەدەنىيەت
جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان پەرقلەرنىڭ تۈگىتىلىشىدىن، يەنى
ىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋە-
ىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىككى
ەرەپ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى تو-
ۇقلايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي
ېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللەتلەرنى ئورتاق
ۈللەندۈرۈش دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى
ەڭشەشتىكى تۈپ پرىنسىپ قىلىپ بەلگىلەندى ھەمدە ئۇ
ۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇ-
ۇشقا يېتەكچى قىلىندى.
3) ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى
ۇناسىۋەت — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي
ۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ تەرىپى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن
ېيىن، مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي ئېكسپىلاتسىيە تۈزۈ-
ىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆ-
لىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى،
ەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، قانۇن جەھەتتە با-
راۋەرلىكى تامامەن ئەمەلگە ئاشتى. كېيىن يەنە دېموك-
راتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزى-
پىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېكسپىلاتسىيە قىلغۇچى

سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئالدى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتى يەنە راۋاجلىنىپ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، يەنى ئەسلىدىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندى. بۇ مۇناسىۋەت — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەكلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئېنىق ھالدا يەكۈنلىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە «قارار» دا: «ھازىرقى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، پۈتۈنلەي توغرا يەكۈندۇر.

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەن، ئۇنداقتا پەقەت دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق بولمىغان تەرىپىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئاساسلىق بولمىغان تەرەپ دېگەندە، ئاساسەن لەت ئىچىدىكى مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي كۆرەشنىڭ، شۇنىڭدەك خەلقئارادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي كۆرەشنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت

جەھەتتىكى ئىنكاسى ۋە تەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل تەسىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مىللەت كۆز قارىشى شەكلىدە ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن، باشقا شەكىلدە ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بىز ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئىچكى - تاشقى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

4) دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قاتتىق قوغدىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، دۆلەت ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە بىر يۈرۈش قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئۈنۈملۈك قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

بىرىنچى، ئەڭ يۇقىرى قاتلام ھېسابلىنىدىغان ئاساسىي قانۇندىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىدىكى تۈپ پرىنسىپ، يەنى مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1954 - يىلى دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ سۆز بېشىدا ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ

كۆرسىتىلگەن: «دۆلىتىمىز ھەر قايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لاشقان، ئەركىن، باراۋەر بولغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلى-
سىگە ئايلاندى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەم-
كارلىقنى قانات يايدۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش،
ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى خەلقنىڭ ئورتاق دۈش-
مەنلىرىگە قارشى تۇرۇش، چوڭ مىللەتچىلىككە ۋە يەرلىك
ىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا، دۆلىتىمىزدە
ىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى داۋاملىق كۈچەيتىلىدۇ.» ئۇنىڭغا
ۇلاپلا ئومۇمىي پرىنسىپ قىسمىدا مۇنداق دەپ بەلگى-
ەنگەن: «مىللەتلەر باب-باراۋەردۇر، ھەر قانداق مىللەتنى
كەمسىتىش ۋە ئېزىش مەنئىي قىلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتى-
اقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر مەنئىي
ىلىنىدۇ.»

1982 - يىلقى ئاساسىي قانۇن، يەنى ھازىرقى ئاساسىي
انۇندا، 1954 - يىلقى ئاساسىي قانۇننىڭ توپ پرىنسىپ-
ىرى قايتا تەكىتلەنگەندىن باشقا، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ
ىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى،
ېڭى ئەھۋاللىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «باراۋەرلىك،
ىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسى-
الىستىك مىللىي مۇناسىۋەت» نىڭ دۆلىتىمىزدە ئورنىتىل-
انلىقى ئېنىق جاكارلانغان ھەمدە ئۇنىڭدا، دۆلەتنىڭ سوت-
ىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى قەتئىي قوغداي-
دىغانلىقى، كۈچەيتىدىغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرىدىغانلىقى
ايتا - قايتا تەكىتلەنگەن، شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ۆتۈش لازىمكى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، يەنە پۈتۈن مە-
ىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش پۇقرا-
رنىڭ مەجبۇرىيىتىدىن ئىبارەت مۇشۇ قانۇننىڭ توپ

كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش، كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پەقەت دۆلەتنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر پۇقرانىڭمۇ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىككىنچى قاتلامدىن تەھلىل قىلغاندا، دۆلەت 1952 - يىلىلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى مەخسۇس تەڭشەيدىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى تۈزۈپ چىققان، مۇشۇ ئاساستا يەنە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تۇنجى قېتىملىق توپ قانۇنى — «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» شەكىللەندى، بۇ قاتلامدىكى قانۇننىڭ مەزمۇنىدا ئۇنىۋېرساللىق بار، ئۇ، ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ كونكرېتلىشىشى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىن كۆزەتكەندە، بۇ قاتلامدىكى قانۇن - نىزاملار بىرقەدەر كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەلۇم جەھەتتىكى مىللىي مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈلگەن. مەسىلەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى جىڭۋۇيۈەنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىدىكى ئاتالغۇ، جاي نامى، ئابىدە، ۋىۋىسكىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»ى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى

...ي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى،
...ككە نىزاملىرىمۇ بار.
دۆلەتنىڭ قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، سوتسى-
...تىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدىشى ۋە ئۇنى
...ەتلەندۈرۈشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى تە-
...دىن بەلگىلەنگەن. بۇ، كونا جۇڭگودا ئۆتكەن ھەر
...، سۇلالىلەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
...مىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلاردىن پايدىلىنىپ، مىل-
...رنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش، قۇل قىلىش،
...تىش ھەرىكەتلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر،
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى-
ئالاھىدىلىكلەرنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

## پاراگراف . دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي ...اسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق
...، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك
...ي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە را-
...دۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قو-
قالماستىن، بەلكى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى-
ساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ
...دىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار توغرا، ئۈنۈملۈك
...ەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى سوت-
...ستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە
كاپالەتلەندۈردى. بۇ سىياسەت، پرىنسىپ ۋە تەدبىر-
...ڭ ھەممىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

قانۇنىنىڭ ھەر بىر ماددىلىرىدا مەركەزلىك گەۋدىلەندى. شۇڭا يېڭى تارىخىي دەۋردە دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، مۇنۇ بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئومۇمىي تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى، ۋەھالەنكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى قوغدايدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان قانۇن. شۇڭا دۆلىتىمىزدە باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ تۈپ تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە شەكىللەندۈرگەن تارىخىي جەۋھەر، دۆلىتىمىزدىكى مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەش جەريانىدا تاللىۋالغان ھەل قىلغۇچ تاللىشى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ سىياسىي

ساسى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشىنىڭ تۈپ
اپالىتى. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ، «پۈتۈن
،مىلىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆ-
،ش ئەمەلىيىتىدە چوڭقۇر بىلىۋالغان ھەقىقەت.» دۆلە-
.ىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇ
ەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
.تتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي شە-
،لىلەنگەن. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ بەرپا
.لىنىشى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن ئايرىلالمايدۇ، سوت-
ىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە را-
جلاندۇرۇلۇشى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن تېخىمۇ ئايرى-
لمايدۇ. بۇ نۇقتىنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت ئە-
لىيىتى ئىسپاتلىغان، ئۇ تامامەن توغرا.

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋە-
نىڭ شەكىللىنىشتىن مۇستەھكەملىنىشكە قەدەر بېسىپ
تكەن يولى بىزگە قايسى ۋاقىتتا تۆت ئاساسىي پرىن-
ىپتا چىڭ تۇرساق، شۇ ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك مىللىي
ناسىۋەتنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە
لغاندا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئوڭۇش-
ىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. مەسىلەن، «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت
ەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 50 - ۋە 60-
للارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت
لەن، شۇنىڭدەك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى،
لۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى-
ن بۇيانقى مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن روشەن سېلىشتۇر-
شەكىللەندۇردى. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ

ئەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەزگىل ئىچىدە، دۆلەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئاستا - ئاستا تۈگىدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات قويۇقلاشتى، دوستلۇق تەدرىجىي كۈچەيدى، مىللىي باراۋەرلىك بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىسلىسىز راۋاجلاندى، مىللەتلەر ئارا ياردەم ۋە ھەمكارلىق تەبىئىي ھالدا كۈچەيدى. بىر جۈملە سۆزگە يىغىپ ئېيتقاندا، باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. شۇڭا كىشىلەر بۇ مەزگىلدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى «ئالتۇن دەۋر» دەپ ئاتاشتى. ئەمما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي گۇرۇھى تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ، ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدىغان ئاچچىق ساۋاقتۇر.

**2. مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ

سىياسىتى ۋە مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى، ئۇ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي ھەمكارلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش روھىنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ توپ شەكلى ۋە قەدەم باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زادى قانداق شەكىلنى قوللىنىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، قانداق قەدەم باسقۇچنى قوللانسا ئەڭ پۇختا بولىدىغانلىقىنى پەقەت شۇ دۆلەتنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىيات تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى، شۇ دۆلەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە شەكلىنى ۋە قەدەم باسقۇچىنى قوللىنىشنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىيات ئەھۋالى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بۇ شەكىل ۋە قەدەم باسقۇچنى قوللىنىشقا شەرت ھازىرلاپ بەردى.

ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەر

ئاھالىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشى ئەمەس، خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپ سانلىقلىرى خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى گىرەلىشىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلاردىمۇ بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئەھۋاللار دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىلا يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى، مىللىي جۇمھۇرىيەت شەكلىنى قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھەقتە يولداش جۇئېنلەي مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن: «تارىخىي تەرەققىيات بىزگە باشقا بىر خىل شەرتنى، يەنى جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ شەرتنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ خىل شەرت مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىغا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.»

ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدە مۇنداق بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكنى، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈزۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئالاقىنى ياكى غايەت زور ئىچكى جۇغلانما كۈچنى شەكىللەندۈردى. ھەر مىللەت خەلقى چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارغا

ارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا، قويۇق ئالاقە
ورناتتى، بۇ ئالاقە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسى-
يالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا يەنىمۇ كۈچەيدى. مىللەت-
ەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشى ئارقىغا بۇراپ بولمايدىغان
ارىخىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. باراۋەر بولۇش، ئىتتى-
اق بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت
وتسىيالىستىك مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنى بەرپا قىلىش
ە راۋاجلاندۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپى
ە كۈچلۈك ئارزۇسى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك
ىنقىلابىي كۈرەش ھەر مىللەت خەلقىگە شۇنى چوڭقۇر
ونۇتتىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، ھەر
مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولالمايتتى، سوتسىيا-
زم بولمىسا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئور-
ق گۈللىنەلمەيتتى ۋە راۋاجلىنالمايتتى. ۋەھالەنكى،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى-
نىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل
لىشىدىكى ئۇلۇغ ئىجادىيىتىدۇر. تارىخىي تەجرىبىلەر
زگە يەنە شۇنى ئاگاھلاندۇردۇكى، پارتىيىنىڭ رەھبەر-
كىدىن ۋە سوتسىيالىزم يولىدىن ئايرىلغاندا، ئېرىشكەن
سىلەرمۇ قايتىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.

قىسقىسى، تارىخنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت خەل-
نىڭ ھەمكارلىقى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى،
نقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت خەل-
نىڭ ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا
ىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى

قوللىنىش — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماس كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ دۆلىتىمىزدە بەرپا قىلىنغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، چۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتا غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىدە مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرا بىرلەشتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئامىل توغرا بىرلەشتۈرۈلدى، شۇڭا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشتىكى باراۋەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار ئاساس

لىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە، ئىقتىسا-
سى تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىق شەرتلەرگە ھەمدە تا-
ىخىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن بەرپا قىلىنغان، مەيلى نوپۇ-
ى كۆپ مىللەت بولسۇن ياكى نوپۇسى ئاز مىللەت بول-
ۇن، مەيلى چوڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت بول-
ۇن ياكى كىچىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت بول-
ۇن، ھەممىسى ئايرىم ياكى بىرلىشىپ، مەلۇم دەرىجىلىك
پتونومىيە ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇ-
ىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆپ جاي-
ردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ
پلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا
خشاش بولمىغان دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنى
رپا قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا بو-
دۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى
پالەتلەندۇرۇلۇپلا قالماستىن، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىس-
ىدىكى باراۋەرلىكمۇ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. بۇ، مىللەتلەر-
لڭ ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىشىگىمۇ پايدىلىق.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيىتى يەنە
نى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
للىي ھەمكارلىق ۋە مىللىي ياردەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-
لڭ ئەڭ ياخشى سىياسىي شەكلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
للىنىش يولىغا مېڭىشىنىڭ زۆرۈر يولى. چۈنكى مىللىي
پتونومىيىلىك جايلار ئەمەلىيەتتە تېررىتورىيە خاراكتېر-
ئالغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدۇر، بۇ چوڭ ئائىلە
للىي ھەمكارلىقنى ئەڭ ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن-
يدۇ، ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ چوڭ ئائىلىدە ئۆزئارا
ىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى

قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، ئورتاق ئالغا باسىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، كۈچى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ مەركەزلىشىش جەريانى — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ يوقىلىش جەريانى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە ئورتاق راۋاجلىنىش يولىغا مېڭىش جەريانى.

تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىردىنبىر توغرا تۈزۈم، شۇنداقلا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىيەت. دەل شۇنداق بولغاچقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆز بېشىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، غايەت زور رول ئوينىدى، بۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇساپىسىدە تېخىمۇ زور رول ئوينايدۇ.» بۇ تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈن خاراكتېرلىك سۆزلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن

...تىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ
...ەيتكىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

### 3. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» مۇناسىۋىتىدە چوقۇم
### ، تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش

«ئىككى ئايرىلالماسلىق» دېگىنىمىز، خەنزۇلار ئاز
...ىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەت-
خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.
ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرسىدىكى «ئىككى ئايرىلا-
...لىق» دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا
...ىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇ روشەن جۇڭگوچە
...ەدىلىككە ئىگە. بۇ مۇناسىۋەت دۆلىتىمىزدىكى پۈتكۈل
...ىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر تۈپ تەرىپى، دۆلىتىمىزدە
ۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت
تسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ كونكرېت
ۋدىلىنىشى.
سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش
ۇن، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» مۇناسىۋىتىدە چىڭ
ۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، بۇنداق قىلىشنى
ۇ مۇناسىۋەتنىڭ پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتى-
ىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە
ىنايدىغان رولى بەلگىلىگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ
...يىلى پارتىيىنىڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-
...ڭ كېڭەيتىلگەن 6-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان دوكلاتىدا
...اق دەپ كۆرسەتكەن: «موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، مياۋزۇ،
ۇ، يىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن باراۋەر
...قا ئىگە....، شۇنىڭدەك ئۇلار خەنزۇلار بىلەن بىر-
...پ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرىدۇ.» دېيىلگەن. يەنە

«ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز چوقۇم خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەم-لەش ئارقىلىق، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرۇشقا ئورتاق تىرىشىشىمىز لازىم.» پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەل-لەشتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. 1981-يىلى جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەستىقلاپ تار-قاتقان «مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىن خاتىرىسى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خەنزۇ كادىرلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.» «شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلار مۇنداق بىر توغرا كۆز قا-راشنى تىكلىشى كېرەك، يەنى ئاز سانلىق مىللەت كادىر-لىرىدىن ئايرىلغاندا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ مۇنداق بىر توغرا كۆز قاراشنى تىكلىشى لازىم، يەنى خەنزۇ كادىرلىرىدىن ئايرىلغاندا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.» پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ يوليورۇقى گەرچە شىنجاڭغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئومۇميۈز-لۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى بىر يۈرۈش بايانلار مۇنداق ئىككى
ئۇلىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بىرى، «ئىككى
ايرىلالماسلىق» كۆز قارىشى — مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا
ىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسى.
ۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقىدىن خەنزۇلار بىلەن ئاز سان
ىق مىللەتلەر ھېچكىم-ھېچكىمدىن ئايرىلالماسلىق
وزقارىشىنى چوقۇم مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە بۇ كۆز
راشنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ، بۇنىڭ
دىن كېيىنكى بارغانسېرى كەڭ، بارغانسېرى كۆپ بولىدى
ن مىللىي ئالاقە جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئىشى
ش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا قول
ش، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.
ۇنداق قىلغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي
ناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. يەنە بىرى
ئىككى ئايرىلالماسلىق» كۆز قارىشى — مىللىي ئىتتىپاق
قنى چىڭىتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش،
تنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر
لڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم
نەكچى ئىدىيىسى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىغان ئىسپات
غان ۋە ئىسپاتلاۋاتىدۇكى: بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ
رپا قىلىنىشىدىن سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشى
چە، مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشىدىن ئورتاق گۈللىنىشى
چە، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەر
شتىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
چە.....قايسى بىر ئىشنى، قايسى بىر ۋەزىپىنى خەنزۇلار
ەن ئازسانلىق مىللەت خەلقى ئورتاق كۆرەش قىلىش
اسىدا ئورۇنلىمىغان ۋە ئورۇنلاۋاتمايدۇ؟ دەل مۇشۇ

ئىشلار ۋە ۋەزىپىلەر ئورۇنلانغاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىندى، مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. شۇڭا بۇندىن كېيىن، مەيلى جۇشقۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بولسۇن ياكى چوڭقۇرلاپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش خىزمەتلىرىدە بولسۇن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش كۈرەشلىرىدە بولسۇن ياكى مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنى قۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمگىكىدە بولسۇن، ھەممىدە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشتىكى تۈپ قانۇن، ئۇنىڭ تۆت ۋەزىپىلىرىدىن بىرى — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپىنى، يەنى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت پرىنسىپىنى قوللىنىپ، مۇناسىۋىتىنى تەكشەش ۋە مۇكەممەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقىرىقى پرىنسىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلدى.

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر بىر
باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق
ش پىرىنسىپى سىڭدۈرۈلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا دۆ-
نىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى
ش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي روھى
ندۇرۇلدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «مىللىي تېررى-
لك ئاپتونومىيە قانۇنى» ماھىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ
لىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى قوغدايدىغان ۋە
دۇرىدىغان قانۇندۇر. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيا-
مىللىي مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە را-
ۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
، قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم.
للىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ھەر
بابلىرىدىكى تۈپ مەزمۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ رو-
ساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-
بولغان قوغداش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى
جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك
يە قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەريانىدا،
دىكى بىرنەچچە تۈپ مەسىلىلەرگە دىققەت
لازىم.
رىنچى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن مىللىي
يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ
تى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ياردەم بېرىش
تى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئادەت-
ايلارنىڭ مۇناسىۋىتى..... قاتارلىقلارنى قانۇن

بويىچە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. چۈنكى ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشى، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇقەررەر ھالدا يېڭى تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن بويىچە ياخشى تەڭشەش لازىم. چۈنكى دۆلىتىمىزدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيە خاراكتېرىدىكى چوڭ ئائىلىسىدۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مۇناسىۋەت دۆلىتىمىزدىكى پۈتكۈل مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى راۋاجلىنىشى دۆلىتىمىزدىكى پۈتكۈل مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى راۋاجلىنىشىنى مۇقەررەر ھالدا ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، يەنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك

ـسي مۇناسۋەتنى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە مۇسـ
ـگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.
ـتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر
ـلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىـ
چىقىش قىلىپ، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە يەككە
ـنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئەمما بۇ نىزاملارنى
ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتوـ
ـانۇنى ۋە باشقا قانۇنلارنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە بەلـ
ـرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلـ
ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ
ـگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك
مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلانـ
ـى قانۇنىي كاپالەت بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك
ـىلى بولىدۇ.
ـىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرە
ـككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا داۋاملىق
ـرۇش، يەنى چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ
ـلىققا قارشى تۇرۇش لازىم، يەرلىك مىللەتچىـ
قارشى تۇرۇش لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك
چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك، باشقا
ـلەتچىلىككىمۇ ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى
لازىم. چۈنكى بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىكنىڭ
، بۇرژۇئا مىللەت قارىشى بولۇپ، سوتسىيالىستىك
مۇناسىۋەتنى چىرىتىدۇ، ئۇ ئىنتايىن زىيانلىق.
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئېغىر تەسىر
ـدۇ ۋە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىـ
ـدىنىز، ھەتتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇـ

قارشىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا پەقەت بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلىغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئوڭۇشلۇق ۋە ساغلام راۋاجلىنالايدۇ.

ئالتىنچى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى ھەممە ئائىلىگە، ھەممە ئادەمگە بىلدۇرۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇنغا بويسۇنۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانى — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مىزانلىرى ئارقىلىق، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش جەريانىدۇر. يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئاڭلىق ھالدا قوغداش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت كەڭ ھەم چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساستا ھەقىقىي ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئوڭۇشلۇق، پۇختا ۋە تېز قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل 9 - ئاي 1-نەشرى، 1986 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社1986年9月第1版，1986年9月第1次印刷本翻译出版。

责任编辑：牙合甫阿吉·买买提

民族区域自治法概论　（维吾尔文）

方立等著　买买提 肉孜译

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市建中路54号）

新疆新华书店发行　哈密地区印刷厂印刷

850×1168毫米　32开本　11.5印张

1988年3月第1版　1988年7月第1次印刷

印数：1——3,600

ISBN7-228-00461-2／D·27　定价：1.05元